# قەشقەر ئەدەبىياتى

1

AltunOq

1984

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1984 - يىل 1 - سان

13 - يىل نەشرى

AltunOq

قەشقەر ۋىلايەتلىك
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇ ساندا


ئامچى .......... (ھېكايە) .......... مەھەممەت باغراش 1
ئەندىشە قىلمالىڭ ساقى ئاكا .......... ( » ) .......... تۇرسۇن نىياز 14
ئانا .......... ( » ) .......... دىلبەر قەييۇم 22
تۇققان يوقلاش .......... ( » ) .......... ھۈسەيىن تالىپ 33
ئېخ، ھايات! .......... (نەسىر) .......... زۇلپىقار 37
ۋەتىنىم - بەختىم .......... ( » ) .......... مەتتوختى ئىسمايىل 39
ناخشا .......... ( » ) .......... ئەنەيەتۇللا قۇربان 42
مەسەللەر .......... (مەسەل) .......... مۇھەممەت ئىمىن 45
شېئىرلار .......... (شېئىر) .......... ئۇچقۇن 50
شېئىرلار .......... ( » ) .......... جېلىلى 54
شېئىرلار .......... ( » ) .......... ۋاھىتجان غوپۇر 60
قەشقەر مۇھەببىتى .......... ( » ) .......... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 67
شېئىرلار .......... ( » ) .......... ئابدۇسەمەت خېلىل 70
ئىككى غەزەل .......... ( » ) .......... يالقۇنجان ئىسلام 72
ئىككى غەزەل .......... ( » ) .......... ئابدۇراخمان ناۋايى 73
مۇخەممەس .......... ( » ) .......... مۇكەررەم ئەبەيدۇللا 74
قەرز قالغان توي ھەققىدە قىسسە .......... ( » ) .......... تۇرغان شاۋۇدۇن 76
ئىككى شېئىر .......... ( » ) .......... ئەيسا سايىم 80
ئىككى شېئىر .......... ( » ) .......... مەتتوختى ئەخمەت 82
زامانىم قىزلىرىغا .......... ( » ) .......... تۇرسۇن ئىبراھىم 84
شېئىرلار .......... ( » ) .......... ناسىرجان مۇھەممەدى 87
ئىككى شېئىر .......... ( » ) .......... پەرھات مۇھەممەت 89
ئارزۇيۇم .......... ( » ) .......... مەمانىجان روزى 89
شېئىرلار .......... ( » ) .......... رەپقەتجان خېلىل 90
كۆلەپ كەتسەڭ ئەدى شائىر .......... ( » ) .......... مەھەممەت مۇسا 92
سەم تۈۋرۈكنىڭ زارى .......... (ساتىرا) .......... ھاپىزجان مۇھەممەت 93
شېئىرلار .......... ئابلىمىت قۇربان 94
نەسىر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا .......... (ماقالە) .......... ئەھمەت دەرۋىش 99
نىيەت .......... (چۆچەك) .......... 106
شاھزادە ئىسكەندەر .......... ( » ) .......... 107
يىسول .......... (ھېكايە) .......... تېين پاۋول رىختېر (گېرمانىيە) 110
نائىلاج زورۇققۇپ كۈلۈش .......... ( » ) .......... دىلىڭ چالڭ (بىرما) 112
ئالتۇن خوراز ھەققىدە چۆچەك .......... ئا.س. پۇشكىن (روسىيە) 119
ئوت يۈرەك شائىر مۇسا جېلىل .......... 123




( ھىكايە )

مەھەممەت باغراش

قۇربان ھېيتنىڭ ئاخىرقى كۈنى چۈشتىن ئەمدىلا قايرىلغان مەزگىل. ئۆكتەبىر ئېيى كىرىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي، ھاۋا - جاھان يەنىلا ياز ئايلىرىدەك ئىسسىق ئىدى.

مەن 3 كۈندىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان تۈگىمەس ھېيتلاشلاردىن چارچاپ كەتكەن سىزىملىرىمغا ئارام ئىزدەپ، ھېچ مەقسەت - نىشانسىزلا كوچا ئايلىنىپ يۈرىمەن.

" كۆز پەسلى - ئالتۇن پەسىل " دەيدۇ. بۇ يىلقى قۇربان ھېيت تازىمۇ مولچىلىق ئۈستىگە كەلدى. بازاردىكى نىمەتلەرنىڭ تولىلىغىدىن، رەڭمۇ - رەڭلىگىدىن كۆزۈڭ قامىشىدۇ. نەگىلا قارىساڭ سانجاق - سانجاق ئادەم، كوچىنىڭ ئىچى ۋاژ - ۋاژ قايناپدۇ. شۇ كۈنلەردە بازاردىن توخا سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى تېپىش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت خۇمارى خەلق. كاۋاپچى باللارنىڭ خۇشخۇي ۋە جاراڭلىق تۇۋلاشلىرى، ناۋاي - سامسىپەزلەرنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي قىچقىرىشلىرى، راخاپچى-دوغاپچى، ماروژنىچىلارنىڭ خېرىدارلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، قولىدىكى چومۇچلىرىنى داسلىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا ھەرخىل ئاۋاز ۋە ھەرخىل ئۇداردا كۈڭۈللۈك تاراڭلىتىپ ئۇرۇشلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر سەنئەت ...

بۈگۈنكى ھېيت بازىرىغا ئالاھىدە قىزغىنلىق بەخش قىلىۋاتقان مانا بۇ يېقىملىق شوخ قىچقىرىشلارغا ماسلىشىپ، چايخانا، پىۋىخانىلاردىن ياڭراۋاتقان ئۇنئالغۇنىڭ جەزبىلىك ساداسى، خۇشال قىقاس - چۇقانلار، ئىسقىرتىشلار، ناغرا - سۇنايلار ۋە شوخ شادىيانە ناخشا - ئۇسۇللىرى پۈتۈن كوچىنى بېشىغا كىيىپ، ھەممىلا كىشىدە بىر خىل ئۆتتەك قىزغىنلىق تۇيغۇسىنى قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان تويچىلار بۇ شەھەرنىڭ جۇشقۇن-قۇۋناق ھاياتىدىن بەلگۇ بېرىدۇ. شۇ تاپتا ساڭا ھەممىلا ئادەم تەڭلا كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

مەن تەنھا ئۆزەم ھېيت بازىرىنىڭ پەيزىنى تاماشا قىلىپ كېتىپ بارىمەن. بازارگەرچە بەكلا شاۋقۇنلۇق بولسىمۇ، ئەشۇ شاۋقۇنلار كى-

AltunOq

شىگە بىرخىل خاتىرجەملىك، ئېچىلىق، ئازادىلىك تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ. كوز توق، كوڭۈل توق. ئۇنى ـ بۇنى كورۈپ ئايلىنىشمۇ ئۆزگىچە مەناغا ئىگە...

بىردىنلا كوچىنىڭ چېتىگە توكۇپ دوگلاۋەتكەن ئالمىلارغا كوزۇم چۈشتى. يىراقتىن قارىساڭ بۇ ئالمىلار دوگىسى خۇددى رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈلبوستانغا ئوخشايدۇ. مەن كىچىكىمدىن ئالمىغا ئامراق ئىدىم، ئالمىنى يېسەڭلا ئەمەس، پۇرىساڭمۇ بىر لەززەت دىگىنە!

مەن بىر دەسسەپ-ئىككى دەسسەپ ھېلىقى ئالما دوگىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدىم ـ دە، ئالمىلارغا ھەۋەس بىلەن نەزەر تاشلىدىم.

ـ غۇلجا ئالمىسى! كورۈپ ئال، پۇراپ ئال خىرىدار...

ئورتا بوي، قارا مۇتۇك كەلگەن، يالاڭباشتاق بىر يىگىت ئاۋازىنىڭ بىرىچە توۋلىماقتا ئىدى. ئۇ كوپ بولسا 25 ـ 24 ياشلاردا ئىدى. ئۇمىنىڭ ئۆز ئالمىلىرىغا قىزىقىش بىلەن نەزەر سېلىۋاتقىنىمىنى كورۈپ تېخىمۇ ئۈنلۈك توۋلاشقا باشلىدى:

ـ تولۇن ئايدىن دومىلاق، قىز مەڭزىدىن قىزىلىراق، مەرۋايىتتىن سۈزۈكرەك، ئەتىر گۈلدىن خۇشپۇراق، بىرنى يېسەڭ دەرمانىدا، يىمەي كەتسەڭ ئارماندا! غۇلجا ئالمىسى دىگەن شۇ ... قېنى كىلىڭ ئاكا، قانچە كىلو تارتىمەن ؟...

مەن ئالمىچىنىڭ سوزلىرىگە زوق بىلەن كۈلۈپ جاۋاپ بەردىم. ئۇنىڭ ئالمىلىرى راس دىگەندەك ھەم چوڭ، ھەم سۈزۈك، راسا ۋايىغا يېتىپ پىشقان ھەقىقى غۇلجا ئالمىسى ئىدى. قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار قوياش نۇرىدا چوغدەك تاۋلىناتتى. سۈيى تېشىغا تەپچىرەپ چىقىپ، ياغ بىلەن سىلىغاندەك پاقىراپ تۇرغان تېخى يېڭىلا ئۈزۈلگەن ياش ئالمىلار بىر قاراشتىلا كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئەسلىدە مەن بىر نەرسە سېتىۋالىمەن دەپ قارارلاپ چىقمىغان بولسامۇ، ئالمىنىڭ ئېسىللىكى مىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى. " كېرەك نەرسە يۇك ئەمەس، ئالسام ئالايچۇ ! » مەن شۇ ئوي بىلەن ھېلىقى بالىغا يېقىنلاشتىم.

ـ كىلوسى قانچە پۇل؟ ـ دىدىمەن ئالما دوگىسىدىن بىر تال ئالمىنى قولۇمغا ئېلىپ پۇراپ. ئالمىنىڭ خۇش پۇرىقى دىمىغىمنى غىدىغلاپ باشقىچىلا بىرخوشكەيىپ بەرگەندەك بولدى.

ـ كىلىڭ ئاكا، قانچە پۇل دەمسىز؟ ئەۋۋەل قولىڭىزدىكى ئالمىنى بىر چىشلەپ، ئاندىن باھاسىنى سوراڭ، يارىسا سىزنىڭ، يارىمىسا مىنىڭ، قېنى قىپ ـ قىزىل ئانارىدەك يېرىنى بىر چىشلەڭچۇ ئاكا، ئاۋۇ كۈن تەككەن يېرى «نى...، يىگىت چاقماقتەك سوزلەيتتى. ئۇنىڭ سوزى بىلەن تەڭ نىمە بالا بولدى، بىردىنلا ئاغزىمغا سېرىقسۇ كېلىپ، نەپسىم تاقىلداپ كەتتى.

ـ قېنى چىشلەڭچۇ ئاكا! بىرەر تال ئالما دىگەنگە ئىنجىقلايدىغان ئوغۇل بالا ئەمەسسىز! ۋاك دىگىدەك يىرىمىز بولسا غۇلجىدەك يەردىن ساي ئاتلاپ بۇ يەرگە چىقمايمىز ... قېنى ھە، شۇنداق بىر چىشلىسىڭىز ئاغزىڭىزدا " شۇررىدا » ئىرىمىسە ھىساپ ئەمەس، ـ ئۇ، مىنىڭ قولۇمدىكى ئالمىنى " گوچچىدە «چىشلەۋىتىشتىن ئۆزەمنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغۇنۇمنى پەملەپ قالسا كېرەك، شۇ گەپلىرى بىلەن مىنىڭ نەپسىمنى تېخىمۇ دەي ـ دەيگە سالماقتا ئىدى.

ـ ھەر ھالدا باھاسىنى دىيىشمىگىراق بەيلى ئۇكا...ـ ئاران دىيەلىدىم ئۆزەمنى مەھكەم

تۇتۇشقا تىرىشىپ. ئاغزىمدا شۇنداق دىسەممۇ،
قولۇمدىكى ئالما بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدىن ئاجرى-
مايتتى. بۇرۇن بىلەن ئېغىزنىڭ ئارىلىغى قانـ
چىلىك دەيسىز! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ غۇنـ
چىدەك قىزىرىپ پىشقان يېرى لېۋىڭگە تېگىپ
تۇرسا... لېكىن مەن مۇنداق سودىگەرلەرنىڭ
مىجەزىنى ئازراق بىلەتتىم، ھەر ھالدا ئۇلار-
غا ئېلىشىپ قالمىغىنىڭ ياخشى.

— ۋاي - ۋۇي ئاكا، بىر تال ئالمىغا نە-
مانچە قىلىسىز؟ قالتىسكەنسىز جۇمۇسىز! قېنى،
ئالمىنى بىر چىشلەڭچۇ، ئەگەر ئالما يەمەن دىسىڭىز
قولىڭىزدىكى ئالما بىكىرىدىغا...

ئۇنىڭغا سىپىنغاندەك قاراپ قويدۇم. ئۇ، كۈ-
لۈمسىرەپ تۇراتتى. چىرايىدىن ئۇچۇق كوڭۇل-
لۇك، ئوچۇق قوللۇق بىر يىگىت بولۇپ كو-
رۇندى. مەن قولۇمدىكى ئالمىنى گۇچچىدە
قىلىپ بىرنى چىشلىدىم. ئالما شۇنچە چۇرۇك،
شۇنچە تەملىك ھەم شۇنچە ياش ئىدىكى يى-
گىتنىڭ بايىقى سوزلىرىنىڭ راستلىغىغا ئەمدى
ئىشەندىم - دە، "ھايت - ھۇيت" دىگىچە
قولۇمدىكى ئالمىنى سوقۇۋەتتىم.

— قانداق، يارىدىمۇ ئاكا؟ بىز ھەرگىزمۇ
جاگەپ قىلمايمىز جۇمۇ! پو دىگەننى ئاتىدىغان
سورۇن بار، ئاتمايدىغان سورۇن بار، مېلى-
مىزغا پو كەتمەيدۇ دەڭا...!- ئۇ مەغرۇر كۇلۇپ
قويدى. مەن رازىمەنلىك بىلەن بېشىمنى لىڭـ
شىتتىم.

— جايىدا - جايىدا، قېنى ئۇكام، 5 كىلو
تارتىۋەتكىنە.

يىگىت قولىدىكى جىڭنى تاراقشىتىپ ماڭا
توغرىلىدى. مەن ئالما دۆۋىسى ئۈچىدىن ئەڭ
چوڭ، ئەڭ رەڭدار، ئەڭ سۈزۈكلىرىنى بىر -
بىرلەپ خالتىلاشقا كىرىشتىم ۋە تازا توجۇپى-
لەپ تاللاپ جىڭغا سالدىم - دە، ھەر قاچانقى
ئادىتىم بويىچە بازارغا چىقسام ئىھتىيات ئۇ-
چۇن يانچۇغۇمغا سېلىۋالىدىغان تور سومكامـ
نى چىقاردىم. "10 يىللىق" تا كىرەكنى ئىز-
دىسەڭ تېپىلمىغاچقا، بازاردا نىمە ئۇچرىشى-
نى بىلمەيلا تەۋەككۇلىغا سومكىنى كوتۇرۇپ
چىقاتتۇق ۋە كاللا ئالماقچى بولساق پاقالـ
چاقنى، پاقالچەك ئالماقچى بولساق كاللىنى
سېتىۋېلىپ، تېپىلغىنىغا خۇشال بولۇپ كىلى-
ۋىرەتتۇق. سالغىدەك سومكاڭ تەييار بولمىسا،
قاچىلايدىغان نەرسە ئىزدەپ بولغىچە شۇ كاللا
بىلەن پاقالچاقتىنمۇ قۇرۇق قالاتتۇق. شۇڭا
"ئۇلگىلىك تىياتىر" كورۇشكە ماڭساقمۇ، بىر-
دىن سومكىنى ئېلىۋېلىش ماڭا ئادەت بولۇپ
كەتكەن ئىكەن. ھازىر جاندىن باشقىسى ئې-
شىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ، سومكىنى يانچۇققا
سېلىۋېلىش ئادىتىمدىن قالمىغان ئىدىم. نى-
مە چارە دەيسىز، ئادەت - ئادەت تە!

— ھەببەللى، مانا 5 كىلو كەتتى دىگەن
سوز!- دىدى ئالمىچى جىڭدىكى ئالمىنى
سومكامغا توكۇپ خۇشخۇيلىنە.

— قېنى، كىلوسى قانچە پۇلكىن ئۇكا ئالـ
ماڭنىڭ؟ - دىدىم مەن سومكامنىڭ ئاغزىنى
بوغۇۋېتىپ.

— بەك ئەرزان ئاكا! بىر كىلوسى بىر
يۈەن يىگىرمە پۇڭ، 5 كىلو دىگىنىمىز ئاران
6 يۈەن، ناھايىتى ئەرزان دەڭا!

— نىمە، نىمە؟ - دىدىم ئوز قۇلۇغۇمغا
ئىشەنمەي چۇچۇپ كىتىپ، - يەنە بىر دى-
گىنە ؟!

— بىر كىلوسى بىر يۈەن 20 پۇڭ، شۇنچە
ئالما ئاران 6 يۈەن. بۇنى ئەرزان دەڭا ئا-
كا بۇنىڭ مۇشۇققىتىنى دىسىڭىز ...-
ئۇ، تىلىنى چاكىلدىتىپ، ماڭا قاراپ بېشىنى
ئىغىناتتى. مەن سومكامدىكى ئالمىغا سىنچى-
لاپ بىر قاراپ قويدۇم.

— نىمە؟ سەن ماڭا ئالما ساتتىڭمۇ، يا

زەھەر ساتتىڭمۇ؟ ئۇغىدىن قىممەت نىمىكىنا
بۇ! تۇزۇگرەك گەپ قىل ئۇكامىوي ··· ھازىر
دىگەن ئالما پىششىغى تۇرسا···

— ۋاي ـ ۋۇي ئاكا! ـ دىدى ئالمىچى
قىياپىتىنى بۇزماي تۇرۇپ، ـ ياخشىنىڭ ياخـ
شىسى بار، ئالمىنىڭ ئالمىسى! ئىلىخونىڭ
مەرۋايىتى دەيمىز بۇ ئالمىنى، يىسىڭىز شەر-
بەت ـ قىيام، پۇرىسىڭىز گۇل، كوڭلىڭىزنى
خوش ئېتىپ،نەچچە يىللىق دەردى ـ ئەسىر-
گىزگە داۋا بولىدۇ، دەيمەن ئاكا! مالغا بىر-
قىپ گەپ قىلىڭ دەمسىز، ياخشى مال ئۆزىنى
ئۆزى ماختايدۇ····

سوزلەر ئالمىچىنىڭ ئاغزىدىن بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرى تىزماق مىغىزدەك تىزىلىپ
چىقاتتى. شۇ تاپتا ئۇنى گويا توغۇلشىدىنلا
ئالمىچىلىق قىلىش ئۇچۇن تۇغۇلغان ئىكەن
دەپ قالىدۇ كىشى.

— ئالماڭغۇ ياخشى ئىكەن، ھەر ھالدا
بازارغا قاراپ بىر نىمە دىگىن ـ دە، سەنمۇ!

— ھەببەللى، ئالمادا سو يوققۇ ئاكا،
بازارنىڭ ئەھۋالى دەمسىز؟ ھىلىغۇ سىزكەن-
سىز، ھوكۇمەت ماگىزىنىغا ئوتكۇزسەكمۇ سىز-
دىن كام بەرمەيدۇ بۇنىڭغا. بىزنىڭ ئالمىلار
ئالمىلارنىڭ سەر خىلى ، ئەڭ ئالى سورتلۇق
ئالمىلار ـ دە!

مەن ئالمىچىنىڭ تۇگىمەس ماختاشلىرى-
دىن زىرىكتىم ، ئەگەر شۇ ماختىشىدا ماختا-
ۋەرسە قولۇڭدىكىنى ئالما ئەمەس، " ئول-
گەندە تىرىلدۇرۇش ئۇچۇن جەننەتتىن تېخى
بايىلا كەلتۇرۇلگەن ئاجايىپ خاسىيەتكە ئىگە
باشقىلا بىر نەرسە " دەۋىتىشتىن يانمايدى-
غاندەك قىلاتتى.

— بولدى ئۇكا، يەتكىچە ماختىدىڭ، گەپ-
نىڭ قىسقىسى 80 فۇڭدىن بىرەمسەن؟-دىدىم-
مەن چورتىتىمدا. ئالمىچى يىگىت مىيىغىني قى-
شايتىپ كۇلدى.

— سە ··· كىسە···ن فۇڭ؟ ـ ئۇ، زاڭلىق
قىلغاندەك سوزۇپقىنا تەكرارلاپ ،-سىز غۇلجى-
نىڭ ئوزىگە بېرىپ ، ئالما قاچىلىغان مىشكا-
ۋىمنى يۇدۇشۇپ بەرسىڭىزمۇ سەكسەن فۇڭغا بەر-
مەيمەن دەڭە!-يىگىت بوينىنى سىڭايان قىلىپ
مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى، ـ مەن ئوزەم باغۇەن-
دىن 80 فۇڭدىن ئالا-يۇ، شۇنچە ھەلەكچىلىك
تارتىپ بۇ يەرگە ئەكىرىپ سىزگە يەنە 80فۇڭ-
دىن بىرەمدىم؟ ما گەپنى كورۇڭ! ماشىنىنىڭ
كىرا ـ پىراسى بىلەن مىنىڭ تارتقان ھەرەب-
جىمىنى قويۇپ تۇرايلى، غۇلجىدەك يەردىن
ئالما ئەكىلىپ، بۇ يەردە قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق
ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئالمىنى ئىز
پۇلغا بىرنۇېتىپ، ئوزى ئاپتاپ توتۇپ يەي-
دىغان كىملە دىدىڭىزمۇ بىزنى!

مەن نىمە دىيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئەم-
دى مەن ئۇنىڭغا بىر تال ئالما قەرزدار بو-
لۇپ قالغان ئىدىم. " قايماق ئىچكەن مو-
شۇكنىڭ يۇزى تووەن " دىگەن گەپ بار. ئا-
خىرى ئۇنىڭغا ئازراق يان بىرىشكە مەجبۇر
بولدۇم.

— 90 فۇڭدىن بىرەمسەن؟

— ياق.

— ھە بوپتۇ،95 فۇڭدىن بولسۇن ئەمىسە··

— كام بولىدۇ ئاكا.

— بوپتۇ،بىر يۇەن!ـ دەۋەتتىم مەن مەرت-
لىك بىلەن. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تالىشىۋى-
رىش پايدىسىز ئىدى.-ئەمدىغۇ " جان "دەپ
بىرەسەن؟ ـ مەن ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ كۇتمەي
يانچۇغۇمدىن پۇلنى چىقاردىم.

— بولمايدۇ ئاكا، بىر يۇەن ئونبەش پۇڭ-
دىن ئىلىڭ،-دىدى ئۇ تەرسالىق بىلەن. "تا-
زا پىتىر قالغان ئوقەتچىكەنغۇ بۇ،" مەن ئۇ-
نىڭغا ئاچچىغىم بىلەن ھومايدىم. ئالمىچى

ماڭا ھېچ ئىپادىسىز قـاراپ تۇراتتى. مېنىڭ
ئۇغام قايناشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ دېگىنىگە
ساتمىدىغان ئىشمۇ بارمۇ دۇنيادا، ئۇۋقەت دېـ
گەن سەن سالا، مەن سـالا بىلەن ئۇۋقەت بولـ
مامدۇ. ئۆزىنىڭكىدىلا تۇرىۋالسا قانداق دېـ
گەن گەپ بۇ؟!»

مەن ئاخىرى خېـرىدارلارنىڭ ئەڭ ئۇنۇمـ
لۇك قورالى بولغان جازالاش خاراكتىرىدىكى
تەدبىرنى قوللۇنۇش قارارىغا كەلدىم.

ــ مانا ئالەۋە سېسىق ئالماڭنى! بولدى
ئالمىدىم، تازىمۇ نائىنساپ نېمىكەنسەن ئۆـ
زەڭ! ئۇۋقەت قىلىدىغان ئادەم دېگەن بۇنچىـ
مۇ نائىنساپ بولامدۇ؟ ... — مەن غۇتۇلدىغىـ
نىمچە سومكامنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئالمىنى
قايتۇرۇپ توكمۇشتىكە تەمشەلدىم.

ئالمىچـى بالا ماڭا يېقىن كەلدى ۋە ماڭا
قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى .

ــھېلى يېـگەن ئالمىڭىزغا خاپا بولماي 30
فۇڭ تاراقشتىۋېتىڭ ئاكا ! ـئاندىن ئۇ مېنى
مازاق قىلغاندەك بىركوزىنى قىسىپ قويدى.

مېنىڭ جان ـ پېنىم چىقىپـلا كەتتى ـ دە،
ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن دىۋەندىـم:

ــ نېمە؟ سەن بۇلاڭچىمۇ يا ... يا ... ئۇـ
قەتچىمۇ؟ بىر تال ئالمـىنى 30 فۇڭغا ساتـ
مەن دېگىچە ئەڭ ياخشىسى بىرىپ يانچۇقچىـ
لىق قىل. ھازىرنىڭ ئۆزىدە سىنى بازار باشـ
قۇرۇشقا ئاپارسام تاناۋىڭنى قىرىق گەز تارـ
تىۋېتىدۇ... ــئاچچىغىمدىن دەيدىغان گېپىمنى
تاپالماي قالدىم. مەن شـۇچاققىچە بۇنـداق
ھاراماماق، مەكـكار ئوقەتچىنى ئۇچـرۇتۇپ
باقمىغان ئىدىم. شىـلاپ يۇرۇپ، قىزىقتۇرۇپ
ئالـمىسىنى ساڭا يىگـۈزىدۇ ـ دە، سـەندىن
بىر تال ئالمىسى ئۈچۈن ئىزا تارتماي30 فۇڭ
سورايدۇ. مەن پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى
قىلىشتىن يانمايدىغان بىـر تىجىمەل كازازاپـ

نىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قـالغىنىمنى ئەمدىـ
رەك چۈشـەندىم ـ دە، غـەزەپتىن چىڭقىـلىپ
يېرىلغۇدەك بولدۇم.

ــ ھۇ، پەس!ــ دەۋەتتىم ئاچچىغىمىغا پايـ
لىماي ئاخىر.

ئالمىچى دەسلەپتە ھىجايغىنىچە ماڭا قاراپ
تۇرىۋەردى، مەن قىزىشىپ بارغانسىرى تېخىمۇ
بەك ئەز ۋەيلەپ ئاخىرىـدا ئۇنى تىللىۋەتكىـ
نىمدىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى ـ
دە، مەندىن كوزىنى ئۈزۈپ، كونىراپ ئاقىـ
رىشقا باشلىغان يەڭلىرىنىڭ قىرغا قلىرى قىرـ
چىلىپ، ياغلىشاڭغۇ ياقىسـى يىرتىلىپ، ئىچىـ
دىكى ئاق ئەستىرى چىقىپ قالغان دىكا چاـ
پېنىنىڭ مەيدە يانچۇغىنى كولاشتۇرۇشقا باشـ
لىدى. شۇ ئەسنادا ئىككىمىزنىـڭ جىدىلىـگە
قىزىققان بىر قانچە كىشى كېلىپ بىزنى چۆـ
رىدەپ توختاشتى. ئالمىچى يانچۇغىدىن قانـ
داقتۇ قەغەزلەرنى ئالـدى ـ دە، ماڭا قاراپ
قولىدىـكى قەغەز بىلەن جـونىدى. شۇ تاپتا
ئالمىچىنىڭ چىرايىمۇ ئاچچىق ئوڭگەن ئىدى.

ــ ئاكا ئاغزىڭىزغا كەلگەننى بوغىزىڭىزغا
يوتـمەي تىلـلاۋەمەڭ كىشىنى! بۇ ئـالمىنىڭ
سورتى ...

ــ قويە شۇنداق سورتى ـ پورتۇڭنى!ـ مەن
زەردە بىلەن ئۇنـىڭ گېپىنـىڭ شېخىغا ئۇرـ
ۋەتتىم .

ــ ما... ما گېپىمنى ئاڭلىمامسىز ئاكاۋە،
ئالما راستىنلا ئەلا سـورتلۇق ئالما! بۇنىڭ
پارچە سېتىش باھاسىنى باھاكومىتېتى بەلگۈـ
لەپ بەرگەن. مانـا ماۋۇ باھا كومىتېتى بىـ
لەن بـازار باشقۇرۇشنىـڭ، بۇ نـەسى بولسا
باجخانىنىڭ تالۇنى. مېنى شۇنچە تىللاپ كەتـ
كىنىڭىز يەتمەي، يەنە بازار باشقۇرۇشقا دەيـ
سىزا! قـورقىدىغان گەپ يـوق، ئۆزلىرىـنىڭ
قېتىق ئىچكىسى كېلىپ قالسا خەقنىڭ قېتىقىـ

نى، ئالما يىگۈسى كېلىپ قالسا خەقنىڭ ئالمىسىنى بۇلاپ كېتىدىغان بازار باشقۇرۇش ئەمدى قالمىدى. نەگە دەۋا قىلغۇڭىز كەلسە شۇ يەرگە دەۋا قىلىڭ!

ئالمىچى ئۆز ئەتراپىنى ئورىۋالغان ئادەملەرگە بىر قارىۋەتتى - دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىز گەردىن چىنىدەك بىر ئالمىنى يەۋەتتىڭىز، ئۇنى جىڭلايدىغان بولسام 200 گىرام كەلمەمدۇ؟ ئىككى يۈز گىرامى 30 فۇڭدىن، كىلوسى بىر يۈەن 20 فۇڭ. تولا كورۇڭ-كورۇڭ قىلماي 30 فۇڭنى چىقىرىڭا ئاكاۋۇي! گەپ قىلمىسا «ھەتتى - پەتتى» دەيدۇ. — ئۇنىڭ كوزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ بۇرنىنىڭ توشىگى كېكە يېگەن ئىدى.

شۇ ئەسنادا مىنىڭ ئارقامدىلا كىملەرنىڭدۇر يات تىلدا كالدىرلاشقىنى ئاڭلاندى. مەن ئورۇلۇپ ئارقامغا قارىدىم. ئەر بىلەن ئايالنى ئايرىماي رەڭگا - رەڭ ۋە غەلىتە كىيىنگەن 3 نەپەر چەتئەللىك چوڭ كوچىدىن قايرىلىپ دەل بىزدەتالاش قىلىۋاتقان ئالما دوۋىسىگە قاراپ كالدىرلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. بىر توپ يەرلىك بىكارچىلار ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ.

مەن شۇ ھامان ھېلىقى كاززاپ ئالمىچىغا قارىدىم. ئالمىچى ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان چەتئەللىكلەرنى كورۇپ دەرھال قولىدىكى قەغەز - پەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈردى - دە، بايا ئىككىمىز بازغىشىپ قالغان چاغدا تاتىرىپ - بوزارغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ۋە ئالما سۈرتىدىغان لوڭگىسىنى ئېلىپ بىر تەرەپتىن، ئالما ئۈستىگە قونغان چاڭ - توزاڭلارنى پاقىشتىپ تازىلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن بايا مېنى قىزىقتۇرۇپ چاقىرغاندەك زىل، خۇشخۇي ئەۋازدا تووۋلاشقا باشلىدى:

— قەن ئالما، شېكەر ئالما، ئالما ئال! كوزۈڭ بولسا ما ئالمىنى تالىۋال! قارىساڭ كوزۈڭنىڭ يېغىنى يەيدۇ، پۇرىساڭ يۈرەكنىڭ دېغىنى ئالىدۇ. كەل خېرىدار - كەل! چەتئەللىك مېھمان بولسىمۇ كەلسۇن! ئالمىلىقنىڭ ئالمىسى! ئىلىخونىڭ ئالمىسى!

”چەتئەللىكلەرنىمۇ بىر ئىلەي دىدىڭغۇ كاززاپ! سېنىڭ شۇ ئالمىلىرىڭ ئۈچۈن تۇزىغىڭغا چۈشمەس بولار! چەتئەللىك دىگەن پۈتۈن جاھاننى كېزىپ، جىمى نازۇ - نېمەتلەرنى تويغىچە يەپ كىكىرىپ، بۇ يەرگە پەقەت ئاشۇ يىگەنلىرىنى سىڭدۇرۇش ئۈچۈنلا كېلىشىدۇ - دە!...»

ئالمىچى پۈتۈن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، تېخىمۇ قاتتىقراق تووۋلىماقتا. ئۇ ”سەندىن ئالىدىغان 30 پۇڭنى ئۆنتۈپ قالدىم جۇمۇ!» دىگەندەك كوزىنىڭ قۇيرىغىدا ماڭا پات - پات قاراپ قوياتتى.

ھېلىقى چەتئەللىكلەر ئالما دوكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، قوياش نۇرىدا لەيلى ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئالمىلارغا قاراپ، چىرايلىرىنى ھەر قىسما قىلىپ، خۇددى زادىلا كورۇپ باقمىغان بىر موجىزىگە يولۇقۇپ قالغاندەك ھاياجانلىق ۋە قىزغىنلىق ئىچىدە كالدىرلىشىپ كېتىشتى. مەن ئۇلارنىڭ تاۋۇشىنى تىلىنىڭ ئۈچىدىلا چىقىرىپ قىلىۋاتقان سوزلىرىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ئالدىدىكى ئالمىلارغا قاراپ، بايا مەن باشتىن كوچۈرگەن تەسىراتنى ھازىر بۇلارمۇ بېشىدىن كوچۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دوكلاغلىق ئالمىلار ئارىسىدىن خىللىرىنى تاللاپ، بىر - بىرىگە كورسۈتۈپ فانغىدەك پۇراشسا، بەزىلىرى بوينىغا ئېسى-

Altunoq

ۋالغان سۈرەت تارتىش ئاپپاراتلىرىنى توغرىلاپ ئالىملارنى ھەدەپ سۈرەتكە تارتماقتا ئىدى. "تووۋا ماخەقنى! مۇشۇ ئالىملارنى كۆرۈپ ھەيرانۇ — ھەس بولۇپ قېلىۋاتقىنىمنى... — دەيمەن ئىچىمدە، — خۇددى پۈتۈن ئۆمرىدە ئالما دىگەننى كۆرۈپ باقمىغاندەك قىلىشىپ كەتتىيا؟ بۇلارنىڭ دۆلىتىدە ئالما يوقمىكىن؟..."

ئالىمچى كاززاپقا ئەمدى بولۇپ بەردى. بۇ چەتئەللىكلەرنىڭ ئۆز ئالمىسىغا قىلىۋاتقان خېرىدارلىقى ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى. ئۇ چەتئەللىكلەرنىڭ ئالدىدا كاززاپلىق بىلەن يېڭى — يېڭى ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قاش — قاپاقلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلەتتى. ئەپچىل قوللىرىدىن ئۆتكەن ئالمىلار بىر — بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك پاقىراپ نۇرلۇنۇپ كېتەتتى. ئۇ ئالمىنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ، بىردە قولىدىكى لوڭگا بىلەن، ئالدىراپ كەتسە دىكا چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈپ، چەتئەللىكلەرنىڭ قولىغا بىردىن تۇتقازدى — دە، قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلارنى بۇ ئالمىلارنى يەپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. چەتئەللىكلەر ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشۈنۈۋېلىشتى — دە، ھېچ تەكەللۇپسىزلا قوللىرىدىكى ئالمىلارنى ھەۋەس بىلەن غاجىلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ھەقسىز يېيىشكە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ھېچقاچاندا تەرجىماننىڭ ياردىمىسىزمۇ ناھايىتى تېزلا چۈشۈنۈۋالالايدىكەن.

چەتئەللىكلەر قوللىرىدىكى ئالمىغا گويا يېپىشىپ قالغان ئىدى. ئالمىنىڭ لەززىتىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، چىرايلىرى پۇرۇشۇپ كېتىشتى. ئۇلار ئالما يىگەچ تىللىرىنى تامشىتاتتى. باش بارمىقىنى چىقىرىپ بىر نىمىلەرنى دېيىشەتتى. بىردە ھېلىقى مېھمان دوست، سېخى ئالىمچىغا قاراپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ، رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار قوللىرىدىكى ئالمىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئالىمچىنىڭ جىگىنى ۋە ئاندىن دوگىلەكلىك ئالمىنى كۆرسىتىپ، ئالىمچىغا ئىشارەت قىلدى. دېمەك، ئۇلار ئالما سېتىۋالماقچى بولغان ئىدى. ئالىمچىنىڭ مەككارلىقى چەتئەللىكلەرنىمۇ ئاخىرى ئازدۇردى. "ئاخىرى قىلتاققا دەسسىدىڭلار — دە، جانابلار، ھېلى يىگەن ئالمىڭلار ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا بىردىن ئامېرىكا دوللىرى تولەيسىلەرغۇ ئەمدى..." دىگەن خىيال كۆڭلۈمگە چۈشتى.

ئالىمچى ياپ — ياشلا يىگىت ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ياشلىقىغا قارىماي، قىمارۋازنىڭ ھوشۇغىدەك غاداڭ بولۇپ كېتىشكە ئۈلگۈرۈپتۇ. مانا ئۇ ھەدىمەيلا يانچۇغىدا تىللا جىرىڭلايدىغان بۇ بەگزادە ئەجنەبى جانابلارنىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈۋالدى — يۇ، مەن نىمىتىم!

ئالىمچىنىڭ بايا ماڭا قىلغان كاززاپلىقى ئەمدى ماڭا ھېچ ئەرزىمەس بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. چۈنكى مەن شۇ مىنۇتتا بۇ ئالىمچىنىڭ نەيرەڭۋازلىق سەنئىتىگە قول قويغان ئىدىم. مەن بايا مېنى غەزەپلەندۈرگەن نەرسىلەرنى كاللامدىن سىقىپ چىقىرىپ، ئالىمچىنىڭ يېڭى ئويۇنىنى كۆرۈشكە تەييارلاندىم — دە، ئالىمچىغا دىققەت بىلەن تىكىلدىم.

مانا ئۇنىڭغا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى. چەتئەللىكلەر ئىشارەت قىلىپ بىر نىمە دېيىشى ھامان ئالىمچىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، دەرھال ئۇلارنىڭ سومكىسىنى قوللىرىدىن ئالدى — دە، "ھايت — ھۇيت" دىگىچە ئۇلارنىڭ كىچىكرەك بىر سومكىسىنى دانە — دانە خىللانغان ئالمىلار بىلەن تولدۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئايال ئىدي.

بۇ ئايال ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي كالپۇكىنى قىپ ـ قىزىل بويىۋاپتۇ. ئالمىچىنىڭ ئىلتىپاتى بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك يېقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئەجنەبى ئايال ئالمىچىغا يېقىن كەلدى ـ دە، زەئىپ ئاۋازدا دانە ـ دانە قىلىپ:

ــ دو...شىيا ئۇۋ...چىيان؟ ــ دېدى تولىمۇ قىيىنلىق بىلەن. ئۇ خەنزۇچە سوزلىسىمۇ، ئاھاڭى چەتئەل ئاھاڭى ئىدى. مېنى ئىختىيارسىز كۈلكە قىستىدى. قارىغاندا ئۇ خەنزۇ تىلىنى تېخى بايىراقلا ئۆگىنىۋالغان بولسا كېرەك.

ـ ئالماڭ قانچە پۇل دەپ سوراۋاتىدۇ، ــ دەپ قوشۇق سالدى ئۆزىنىڭ چوڭلا ۋە خېلى سالاپەتلىك ئىكەنلىكىگە قارىماي، بايا چوڭ يولدىلا چەتئەللىكلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ بۇ يەرگىچە شۇلارنىڭ كەينىدىن سوگدىشىپ، كەلگەن بىر كىشى. بۇ ئۈستىگە كونا پوسۇندا تىكىلگەن كاستيۇم كىيگەن، كوزىگە كوز ئەينەك تاقىۋالغان، ساقال ـ بۇرۇتىنى بولىشىچە غىرىدىغان بولسا كېرەك، ئېڭەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن 45 ياشلاردىكى بىر ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم بايا تىنىدىن بېرى چەتئەللىكلەرنىڭ كېيىم ـ كېچەكلىرىدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ قېشىنىڭ ھەر بىر مىدىرلاشلىرىغىچە بىر خىل ھەۋەس بىلەن كوزىنى پاقىرىتىپ قاراپ تۇراتتى.

ئۇ گويا چەتئەللىكلەرنى ئەمەس، قانداقتۇر ئايىدىن چۈشكەن ئادەملەرنى كورۇۋاتقاندەك بىر خىل قىزىقىش ۋە ھاياجانغا چولغانغاندەك قىلاتتى.

مەن ئۇ كىشىدىن نەزىرىمنى ئاغدۇرۇپ يەنە ئالمىچىغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى سىپاگەرچىلىك ئەمدى يوقالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل جىددىيلىك ۋە خا-تىرجەمسىزلىك باسقاندەك تۇيۇلدى ماڭا. ئالمىچى سەل ئويلىنىۋالغاندەك قىلدى ـ دە، ھېلىقى ئايالغا ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ كورسەتتى.

«نىمە 30 يۈەن؟ 30 يۈەن ـ ھە؟؟! ياقەي... كىلوسى 30 فۇڭ، يا بولمىسا كىلوسى 3 يۈەن»

مەن ئالمىچىنىڭ نەچچە سورىغانلىقىنى بىلىپ بولالمىدىم.

لېكىن بۇ ئالمىچىنىڭ بايىقى ئەلپازىدىن مەن ئۇنىڭ چەتئەللىكتىن ماڭا قارىغاندا ھەسسىلەپ يۇلۇۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى جەزىم قىلىپ بولغان ئىدىم. «پورتمالىڭنى شۇنداقلا ئالدىمغا تاشلا دېدىڭمۇ شۇ تاپتا»، دېگەن خىيال كەچتى مېنىڭ كاللامغا.

ــ تېگى پەس، ھېلىگەر ئوقەتچىلىكىنى بىر كورسەتتى ـ دە، بۇ قاسماق، ـ دېدى بايىقى كوزئەينەك تاقىۋالغان يەرلىك ئەپەندى ماڭا يېقىنىراق سۈرۈلۈپ پىچىرلاپ، ـ شۇ تاپتا بۇ مېھمانلار پورتمانلىرىنى يېشىشتۇرۇپ ئۇنىڭ قوتۇر ئالمىلىرىنى توكۈۋېتىپ كېتىپ قالسا، ھېچنىمىگە قارىماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دوگىلاپ يۈگرەيتتى قوڭالتاق......ئۇ كىشىنىڭ ئاھاڭىدىن چەتئەللىككە ئالمىسىنى بىكارغا سۇڭلاپ بەرمىگەن بۇ ئالمىچىغا نىسبەتەن زەھەرى قايناۋاتقانلىقى ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالمىچىغا قىلىۋاتقان بۇ قىتۇغۇرلىقى ماڭا ياققاندەك قىلدى ـ دە، مەن ھىسداشلىق كوزلىرىم بىلەن ئۇ ئەپەندىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كوزلىرىمۇ بىر خىل غەلىتى پاقىراشتا ماڭا باقتى. دېمەك ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ نەپرەتلىك ئالمىچىغا قارشى خۇپىيانە ھىسسى بىرلىك بارلىققا كەلدى. بىز ئەمدى ئالدىمىزدىكى ئالمىچىغا قارىشى ھەر قانداق زەھەرلىك پىتنىسىنى تەييار-

لاشتا ھېچ ئىككىلەنمەي ھەمكارلىشاتتۇق. بۇ-
لار كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە سادىر بولغان ھا-
دىسە ئىدى.

ھېلىقى ئايال ئەجنەبى ئالمىچىنىڭ كور-
سۇتۇلگەن بارماقلىرىغا قارىدى - دە، سەل
تەمتىرەپ قالدى، ئۇ گويا يارىدىم تىلىگەن-
دەك ھېلىقى ئەركەك ئەجنەبىگە قارىدى. ئەر-
كەك ئەجنەبىنىڭ كوزىدە بىر خىل يات ۋە
سوغۇق ئۇچقۇن يانغاندەك بولدى. ئۇ ئايال-
غا بىر نىمىلەرنى دەپ كالىدىرلىدى. ئايال
يەنىلا مەگدەپ قالغاندەك ئۇنىڭغا
قاراپ تۇراتتى. ھېلىقى ئەركەك ئەجنەبى ئۇ-
نىڭغا قاراپ قوپاللارچە ئاھاڭ بىلەن بىر نىمە
دىۋىدى، چەتئەللىك ئايال پورتمانىدىن بىر
تۇتام پۇلنى تەستىرەك چىقاردى. بۇ پۇللار
چەتئەل پۇلىغا تىگىشىلگەن "مۇھاجىرلار پى-
روۋۇت پۇلى" ئىدى. چەتئەللىك ئايال ئۇ
پۇللارنىڭ ئىچىدىكى بىر يۇەنلىكتىن 30 نى
ساناپ ئالمىچىغا تەڭلىدى - دە، ئالمىچىغا
سوغۇق بىر نەزەردە تىكىلدى. مەككار ئالمىچى-
نىڭ ئەمدى راسا ئامىتى كەلگەن ئىدى. ئۇ
ھازىر بۇ ئەجنەبىلەردىن خالىغىنىنى يۇلۇپ
ئالىدىغان بولدى. كىچىككىنە بىر سومكا ئال-
مىسى ئۇچۇن 30 يۇەن پۇل. پۇل بولغاندىمۇ
قانداق پۇل دىمەمسىز، بەزى يەرلىك ئادەم-
لەر كۇندۇزى كوزىنى يۇمسىمۇ شۇھامان چۇش-
گە كىرىدىغان "مۇھاجىرلار پۇلى"-دە!

"ھوشۇغۇڭ ئالچۇ كەلدىغۇسىنىڭ" دەپ
ئويلۇدۇممەن بىر خىل ئوچلۇك ھىسسىدا.

— "تاز باشقا يىشىل تەقى" دىگەنشۇدە،-
دەپ پىچىرلىدى كوزئەينەك تاقىۋالغان باي-
قى يەرلىك ئەپەندى ئىچى قارىلىق بىلەن.
ئۇنىڭ ئەينەك ئاستىدىكى خۇنۇك كوزلىرى
دەم ھېلىقى ئەجنەبى ئايالنىڭ قولىدىكى پۇل-
غا قادىلاتتى، دەم ھەدىمەيلا ئەشۇ پۇلنىڭ
ئىگىسى بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئالمىچىغا
چەكچىيەتتى. پۇلغا قارىغان چاغدا ئۇنىڭ
كوزلىرى خۇددى بويى يەتمەي ئىگىز لىكتە
ئېسىغلىق تۇرغان سىمىز گوشكە قاراپ نەپ-
سى قۇتراپ كىتىۋاتقان چارىسىز ئاچ مۇشۇك-
نىڭ كوزىدەك پاقىراپ كەتتى. ئەشۇ "تاز
بېشىغا يىشىل تەقى كىيىۋالغان" ئالمىچىغا نەزى-
رىنى ئاغدۇرغاندا بولسا، چەتئەللىكنىڭ قولىدىكى
پۇل ئالدىدا ئوزىنىڭ ئەسلى -ۋەسلىنى تاما-
مەن ئېسىدىن چىقىرىپ، پۇتۇن جىسمى ھە-
سەتخورلۇق ۋە قىزغىنىش ئوتى بىلەن ئورتى-
نىپ پۇچىلىنىۋاتقان بۇ ئالپتە كىيىنگەن يا-
سانچۇق جانا پىنىڭ كوزلىرىدە ئاپ - ئاشكا-
را بىچارىلىك ۋە تاقەتسىزلىكنىڭ ئۇچقۇنلى-
رى چاقنايتتى.

مەن بايا چاشقانغا كىپەك ئالدۇرمايدى-
غان بۇ مەككار ئوقەتچىگە نىسبەتەن پەقەت
ئوزەمنىڭ مەنپەتى تۇپەيلىكوڭلۇمدە بىخ ئۇ-
رۇپ چىققان ئوچلۇك ھىسسىنىڭ دەۋىتى ئىلار-
قىسىدىلا بۇ ئەپەندى بىلەن خۇپىيانە تىل بى-
رىكتۇرۇش ئالاقىسىدا بولغان بولسام، ئەم-
دى بۇ جاناپىنىڭ چەتئەللىكنىڭ قولىدىكى ئو-
زى بىلەن ھىچ ئالاقىسى يوق پۇل ئالدىدا
ئوزىنىڭ يۇزىنى ۋە ئەتىۋارىنى بىر تىيىن
قىلىپ ھىچ يوشۇرۇشنىمۇ خالىماي، ئاشكارى-
دىن-ئاشكارا ۋە كىشىنىڭ كوڭلى ئىلىشقىدەك
دەرىجىدە ئىپادىلەۋاتقان ھالىتىدىن چۇچۇپ
يىركەندىم-دە، ئۇنىڭ مۇرىسىگە تىگىشىپ تۇر-
غان مورەمنى دەررۇ ئۇنىڭدىن قاچۇردۇم. شۇچاغ-
دا مەن مورەمنىڭ بايا ئۇنىڭ مۇرىسىگە تىگىپ تۇر-
غان قىسمىنى كويۇپ ئېچىشقاندەك ھىس قىلدىم.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە قاراۋىرىشكە تاقەت
قىلالماي نەزىرىمنى ئالمىچىغا ئاغدۇردۇم.
ئالمىچى نىمە ئۇچۇندۇر مەن ئويلىغان-
دەك چەتئەللىك ئايالنىڭ قولىدىكى پۇلغا

دەررۇ يىپىشمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ چەتئەللىكنىڭ قولىدىكى پۇللارغا گويا ئۇنى ياراتمىغاندەك كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويۇپ، يەنە 3 بارمىقىنى چىقاردى. دىمەك ئۇ يەنە 30 يۇەن سوراۋاتاتتى.

ئەمدى مېنىڭ كوزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭمۇ دىمى كىسىلگەندەك، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئالىمچى مەن ئويلىغاندىنمۇ ئارتىنراق ئىكەن. مەن ھازىر پەسلىكنىڭ، ۋىجدانسىزلىقنىڭ، مەككارلىقنىڭ، پۇل ئۇچۇن ئار-نومۇسنى پاك-پاكىزە سېتىشنىڭ تىپى ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باقمىغان ئەڭ يېڭى نۇسخىسىنى كوروۋاتاتتىم. مېنىڭ ئارقامدا تۇرغان كىمدۇ بىرى چىدالماي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىۋەتتى. خالايىقنىڭ غەزەپلىك ۋە نەپرەتلىك كوزلىرى ئالدىمىزدىكى بۇ مەككار ئەبلەخكە ئوقتەك قادالغان ئىدى.

— مانا، مانا، 60 نى قومۇردىغان بولدى، 60 نى! چىك... چىك ... چىك...! ھىلىقى كوزئەينەكلىك ئەپەندى گاھ ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە كۈچ بىلەن سۈركىسە، گاھ قوللىرىنى ئۇگىلايتتى.

ئالىمچى ئەتراپىدىكى جامائەتكە قاراپمۇ قويماي، 3 بارمىقىنى كورسۇتۇپ، چەتئەللىكلەرگە قارىغانچە تۇرىۋەردى. چەتئەللىكلەر مىيىقىنى قىشايتىپ، كوزلىرىنى ئالا-بۇلا قىلىپ، بىر-بىرىگە قاراپ كوزلىرىنى قىسىپ، ئوز-ئارا بىر نىمىلەرنى دەپ كالدىرلىشىپ كىتىشتى. بىر پەستىن كىيىن، كوزلىرىنىڭ كوكلىگىدىن يىشىل ئۇچقۇن چاچرىتىپ تۇرىدىغان چەتئەللىك بىر دارازا قاناداقتۇ بىر قارارغا كەلگەندەك دەررۇ يانچۇغىغا قول سالدى-دە، پورتمىنىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن بىر تۇتام خەلق پۇلىنى چىقاردى. ئۇنىڭ چاڭگىلىدىكى بۇ پۇللار پۇرلىشىپ مىجىلىپ، ئاللىقاچان پىتىمدىن چۈشكەن پۇللار ئىدى. ئۇ پۇلنى چىقىرىپ ئازراق ئويلىۋالدى-دە، قولىدىكى پۇللارنىڭ ئارىسىدىكى يىرتىلغان، تىتىلغان پۇرلاشقان بىر يۇەنلىك پۇلدىن 30 نى سانىۋىلىپ ئالىمچىغا تەڭلىدى ۋە مىيىقىنى قىشايتىپ ئالدىدىكى ئالىمچىغا بىر خىل چۈشۈنۈكسىز نەزەردە تىكىلدى.

ئەمدى ئالىمچىغا تاراقشىپ تۇرغان 30 يۇەن مۇھاجىرلار پۇلى، پۇرلىشىپ پىتىمدىن چۈشكەن 30 يۇەن خەلق پۇلى تەڭلا سۇنۇلغان ئىدى.

”ھىچ ئىزا تارتماستىن 60 يۇەننى بىرافلا سوقىدىغان بولدۇڭ-دە، جازانىخۇر!“ دەپ ئويلايتتىم مەن. چۈنكى ئالىمچىنىڭ پۇلغا كەلگەندە ”ئىنساپ“ دىگەن سوزنى ئوزىنىڭ سوزلۇغىتىدىن ئاللىقاچان چىقىرىپ تاشلىغان بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىگە كوزۇم يەتكەن ئىدى.

مەن كاللامدا كىزىۋاتقان ئاشۇ خىياللار بىلەن ئالىمچىغا دىققەتتە تىكىلدىم. مەنلا ئەمەس، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى ھەممىلا كىشى، ھەتتا چەتئەللىكلەرمۇ تىكىلگەن ئىدى. مەن چەتئەللىكلەرنىڭ قىياپىتىدىن ئالدىنداق سوغۇق ۋە چۈشۈنۈكسىز بىر خىل ئىپادىنى ئوچۇق ھىس قىلىۋاتاتتىم.

ئالىمچى چىرايىدا ھىچقانداق خوشاللىقنىڭ ئىپادىسىنى كورسەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ پۇللارنىڭ ئالدىدا بىردىنلا تەمكىن قىياپەتتە جىم تۇرۇپ قىلىشىدىن، مەن ئۇنى ”خوشاللىغىدىن نىمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ قالدى“ دەپ چۈشەندىم.

— ماۋۇ ئايالنىڭ قولىدىكى مۇھاجىرلار پۇلىنى ئال جۇمۇ! — دەپ ئالدىراپ ئەقىل كورسەتتى بايىقى كوزئەينەك تاقىۋالغان يەرلىك

ئەپەندى. ئۇنىڭ چەتئەللىك ئايالىنىڭ قولىدىكى پۇلدىن ئۈزەلمەي تۇرغان كۆنسىز كۆزلىرى ئەمدىلىكتە ياغلىشىپ كەتكەن ئىدى.

”خاتالاشمىسىز ئەپەندى!“ — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە، — بۇ قۇۋ، نەپسى تويماس ئالىمچىنى خەلق پۇلى بىلەن مۇھاجىرلار پۇلىنىڭ قايسىسىنى ئېلىشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلىسىڭىز كېرەك. بۇ پەس ھازىر پۇل تاللاشنىڭ ئەمەس، «خەلق» بىلەن «مۇھاجىر»نى قوشۇپلا موكلاشنىڭ كويىدا...“

ئالىمچى ھېلىقى ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ تەرەپكە قاپىقىنى كۆتىرىپ قاراپمۇ قويمىدى — دە، قولىنى پۇرلىشىپ كەتكەن خەلق پۇلى تەرەپكە ئۇزاتتى

— ھوي! مۇھاجىرلار پۇلىنى ئال دەيمەن ئەخمەق! مۇھاجىرلار پۇلىنى... — دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋاقىرىۋەتتى ھېلىقى تاقىتى چېكىگە يەتكەن ئەپەندى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي.

ئالىمچى خەلق پۇلىنى قولىغا ئالدى.

— ھوي ئەخمەق ئاۋۇنى ئالامسەن؟ ئەجەلەشنى بىلمىسەڭ ماڭا تىگىشىپ بەر!

كۆز ئەينەكلىك ئەپەندىنىڭ تاقىتى چېكىگە يەتكەن ئىدى. ئالىمچى ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىنى بايىتىن مەن بىلەن سودىلاشقاندا خېلى قىزىرىشىپ دېيىشكەن بولساقمۇ، مەن ئۇنىڭ كۆزىدە ئۇچراتمىغان ئاچچىق تەنە، ئېپىپلاش، ناھايىتى كۈچلۈك نەپرەت، يىرگىنىش تۇيغۇسىنىڭ تولىمۇ ئوتكۇر بىردەملىك نۇرىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا ئۇدۇل بېرىپ يۈرەككە سانچىلىدىغان قانداقتۇ بىر نامەلۇم نەرسە يوشۇرۇنغان ئىدى.

ئالىمچى قولىدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن خەلق پۇلىنىڭ ئارىسىدىن بىر يۈەنلىكتىن 3 نى تاللىۋالدى-دە، قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن قولىدىكى ئاشقان پۇللارنى ھېلىقى چەتئەللىكنىڭ كۆزىچە دىققەت بىلەن رەتلەپ، بىر - بىرلەپ سەيلەپ، پۇللارنىڭ پۈكۈلگەن بۇرجەكلىرىنى تۈزلەپ چىقتى ۋە ئۇنى چىرايلىق قاتلاپ، ھېلىقى چەتئەللىككە قايتۇرۇپ بەردى. شۇ چاغدا ئالىمچىنىڭ كۆزى چەتئەللىكنىڭ ئۇنىڭغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان سىنچى كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. ئالىمچى سىزدىلەر — سىزدىلمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. ھېلىقى چەتئەللىكنىڭ كۆزى دەسلەپتە ھاڭ - تاڭ قېلىش،



ئاخىرىدا بولسا ئاجايىپ بىر خۇشاللىق نۇرى بىلەن چاقناپ كەتتى. ئالىمچى يەرگە ئېڭىشىپ ھېلىقى ئالما قاچىلانغان سومكىلارنى ئۇلارغا سۇندى. چەتئەللىك ئايال قولىدىكى ئېتىۋارسىز قالغان پۇلنى پورتمىنىغا سېلىشنىمۇ

ئېسىدىن چىقىرىپ، ئالمىچىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان ئىدى. ئالمىچى ئۇنىڭ يۇلنى چاڭگاللىغىنىچە ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرۇپ قالغان قولىنى ئۇزىدىن سىپايىلىق بىلەن ئىتتىرىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئالما قاچىلانغان سومكىنى تۇتقۇزۇپ قويغاندا، ئايالنىڭ چىرايىدا بىردىنلا خوشال كۈلكە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلرەك كوزلىرى شاتلىق نۇرلىرى بىلەن يالتىراپ كەتتى. ئۇلار بىردىنلا ئۇز ئارا بىر نىمىلەرنى دېيىشىپ كالدىرلىشىپ كېتىشتى. ئۇلار ئالمىچىنى كورسۇتۇپ باش بارمىغىنى چىقىرىپ، باشلىرىنى گىلدىڭشىتاتتى. قوللىرىنى ئۈگىلاپ، چىرايلىرىنى ھەر قىسما قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ ناھايىتى ئاسانلا قوزغۇلۇپ كېتىدىغان ھاياجانلىرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىمىزرەك كەلگەن گەۋدىلىك ئەر كىشى بويىنىغا ئېسىۋالغان ئاپاراتىنى ئۇزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئالمىچىغا توغرىلىدى. بۇلارنىڭ ئۇزىنى سۈرەتكە تارتماقچى بولۇۋاتقانلىغىنى چۈشەنگەن ئالمىچى نىمىشقىدۇ ھېلىقى ئۇزىنى سۈرەتكە تارتماقچى بولۇۋاتقان چەتئەللىككە قاراپ ئالدىراپ قولىنى شىلتىدى. چەتئەللىك ھېچ نىمىنى چۈشىنەلمەي، بىردە ئۇزىنىڭ ھەمرالىرىغا، بىردە ئالمىچىغا قاراپ ئاپاراتىنى چاڭگاللىغىنىچە نىمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئالمىچى تاماشا كورۇپ تۇرغان توپنىڭ ئارىسىدىكى بادام دوپپا كېيگەن، ئىگىز بويلۇق بىر كىشىنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلدى-دە، ئۇ كىشىگە نىمىنىدۇر بىرنەرسە دەپ، پىچىرلاپ ئۇ كىشىنىڭ جاۋاپ قايتۇرۇشىنىمۇ كۈتمەستىن ئۇنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىنى يۇلىۋېلىپ، پاخپىيىپ ئۇرغان چاچلىرىنى باسۇرۇپ كىيىۋالدى ۋە ئۇز ئالمىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قەددىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى كۈچ بىـ

لەن كىرىپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. بادام دوپپا ئۇنىڭ چىرايىنى گۈلدەك ئاچقان ئىدى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بايا چەتئەللىكنى توختۇتۇپ قويغانلىغىنى چۈشەندىم. ئۇ چەتئەللىك ئالمىچىنىڭ ئەمدى رۇخسەت قىلغانلىغىنى چۈشۈنۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئاپاراتىنى ئالدىراپ توغرىلىدى.

قۇياش نۇرى ئالمىچىنىڭ كەڭرى پېشانىسىدا ئوينايتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى بادام دوپپىسىنىڭ كوكۈل قويۇپ ئىشلىگەن گۈللىرى ئەشۇ قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ يارقىن ۋە كوركەم كورۈنەتتى. ئالمىچىنىڭ ياش چىرايىدا بىر خىل غۇرۇر، ئىشەنچ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، ئۇنىڭ قاپ قارا، ئىنچىكە بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرىدە بىر خىل خۇشخۇي تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى......

مەن يېنىمغا — بايىقى كوز ئەينەكلىك ئەپەندىگە قارىدىم. ئۇ ئاغزىنى كامادەك ئاچقان پېتى ئالدىدىكى ئالمىچىغا قاراپ كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ قېتىپ قالغان ئىدى.

مەن ئالما دۇكىنىغا قارىدىم. بۇ ئالمىلار ماڭا راستىنلا جەننەتنىڭ مىۋىسىدەك كورۈنۈپ كەتتى.

— 10 كىلو ئالايچۇ شۇ ئالمىدىن! — دېدىمەن ئاۋازىمنى چىقىرىپ ئۇز — ئۇزەمگە، مەن ئۇزەممۇ بىلىپ بولالمايدىغان ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق بىر خىل سىزىم ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلغان ئىدى.

مەن چەتئەللىكلەرنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۇزىنىڭ بايىقى خۇشخۇي ھەم ياڭراق ئاۋازى بىلەن خېرىدار قىچقىرىۋاتقان ئالمىچىنىڭ ئالدىغا يېقىنراق كەلدىم.

— 10 كىلو تارتە ئۇكام ئالماڭدىن... — دېدىمەن كۈلۈمسىرەپ، ئالمىچى يىگىت گويا

مەن بىلەن ھېچ ئازارلاشمىغاندەك ماڭا قاراپ خۇشخۇيغىنە كۈلدى ـ دە، ئالما دوكىنىغا جىگىنى توغرىلىدى…

بىردىنلا مېنىڭ ئارقا تەرىپىمدىن بىرخىل زەئىپ ئاۋاز بىلەن كىمنىڭدۇر غىڭشىغىنى ئاڭلاندى.

ــ ھەي ئاخماق!…ھېلىقى مۇھاجىرلار پۇلىنى قولىدىن چىقىرىپ قويۇپ… ـــ مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم. بۇ بايىقى كوزئەينەكلىك ئەپەندى ئىكەن. ئالمىچى يىگىت ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ پىسەن قىلمىدىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەشۇ ياڭراق، يېقىملىق ئاۋازىدا خېرىدار چاقىرىشىنى داۋام قىلىۋەردى.

مەن ھېلىقى جاناپنىڭ مەندىن قوللاش كۈتۈپ پاقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئوقتەك قادالدىم. ئۇ كۆزىنى دەرھال مېنىڭ كۆزۈمدىن ئېلىپ قېچىپ، خۇددى تاياق يېگەن ئىت قۇيرۇقىنى قىسىپ قاچقاندەك "غىپپىدە" تىكىۋەتتى.

مەن ئالمىچىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، سومكامنى كۆتەردىم.

ئالمىچى يىگىتنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ياڭراق جاراڭلاپ، بازار شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى:

ــ ئالمىلىقنىڭ ئالمىسى، ئىلىخونىڭ ئالمىسى! قارىساڭ كۆزۈڭگە پايدا، پۇرىساڭ يۈرىكىڭگە پايدا!

---

### ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

مەھەممەت باغراش ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ئاپتورلاردىن بىرى. قارا شەھەر ناھىيىسىدىن. 32 ياش. ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن 1965 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئەرتىس، 1973 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە شىنجاڭ قاتناش ترانسپورت 4 - شىركىتىدە شوپۇر ۋە تەشۋىقات خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر «شىنجاڭ ئىشچىلىرى» گېزىتىدە مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى بېجىرمەكتە.

مەھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيىتى 1980 - يىلى يازغان «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ساۋاپ» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

---

(بېشى 21 ـ بەتتە)

ساقىكام سۆزۈمگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى بولغاي، خۇش تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئارقىدىنلا سۆز قىستۇرۇپ سورىدى:

ــ ئېيتىڭچۇ، سىز ھەممىنى بىزدىن ياخشىراق بىلىسىز، ھازىرقى بۇ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى زادى قاچانغىچە داۋاملىشار؟ كادىرلىرىمىزغۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا "بۇ تۈزۈم ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدۇ، ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇش يوللۇق» دەپ كېلىۋاتىدۇ، كىم بىلسۇن كۈنلەرنىڭ بىرىدە "يېڭى باي دېخان» دېگەن قالپاقنى كىيىپ قالىمەنمۇ ـ يوق؟ مېنىڭ ئەتىگەن سىزگە ئاشلىق بىلەن پۇلنى ئەينەن ئېيتماسلىقىمدىكى بىر سەۋەبمۇ شۇ ئىدى.

بوۋاينىڭ بۇ سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم ۋە كەسكىن ئاھاڭدا مۇنداق دېدىم:

ــ ئەندىشە قىلماڭ، ساقىكا! ئۇ كۈنلەر ئەمدى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى. سىز ھالال مېھنەت ئەجرىڭىز بىلەن قانچىلىك تېز بېيىسىڭىز پارتىيە، دۆلەت سىزنى شۇنچە قوللايدۇ.

ساقىكامنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ، كۆزلىرىدە شاتلىق ئۇچقۇنى چاقناپ، لەۋلىرىدە بەخت تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى ۋە: "مانا ئەمدى راستىنلا خاتىرجەم بولدۇم، قانداق گەپ ـ سۆزلىرىڭىز بولسا تارتىنماي سوراۋېرىڭ»، دېگەندەك بىرخىل مەنا بىلەن ماڭا تىكىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

1982 ـ يىل 10 ـ ئاي

# ئەندىشە قىلماڭ، ساقى ئاكا



(ھېكايە)

تۇرسۇن نىياز [1]

مېنىڭ گۈلباغ دادۈيگە كەلگىنىمگە ئانچە كۆپ بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قانچە كۈندىن بۇيان بۇ دادۈينىڭ ئومۇمى ئەھۋالى توغرىسىدا خېلىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالغان ئىدىم. تۈنۈگۈن كەچ دادۈيدە ئېچىلغان يىغىندا، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە قىلغان غۇلغۇلىسى مېنى تېخىمۇ يېڭى پاكىت ۋە يېڭى تەسىراتلار بىلەن تەمىنلىدى. مەن شۇڭا يىغىن ئاخىرىدا دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى قاسىمكامدىن:

— ھازىر دادۈيىڭلارنىڭ ئەھۋالى راستىنلا ياخشىكەن بولغاندا، ھەممىگە تاۋاپ بىرەر بېيىغان ئائىلىنى تونۇشتۇرۇپ بىر نەرسە يازسام قانداق؟ — دەپ سورىدىم.

— مەيلى، — دېدى سېكرېتار كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئەگەر يازىمەن دېسىڭىز 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى ساقىكام بۇ خىل ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تىپى، خالىسىڭىز شۇنى يېزىڭ.

— ساقىكام؟

— ھە، ساقىكام، بەلكى ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، ئاڭلىسام “مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى” دىمۇ بىر قېتىم كېلىپ زىيارەت قىلغان ئىكەنسىز.

— ئېسىمدە، — دېدىم مەن ئون يىل بۇرۇنقى بۇ تونۇش ئىسىمنى دەرھال يادىمغا ئېلىپ، — ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراق؟

— مەن بۇنى سىزگە تاماقتىن كېيىن سۆزلەپ بېرەي، قالغان تەرىپىنى ئەتە ئۆزىڭىز بارغاندا كۆرۈپ بېقىڭ.

× × ×

ئەتىسى ئەتىگەن چايدىن كېيىن، سېكرېتار ئىككىمىز سۇۋادان تېرەكلەر ئالتۇن ياپراقلىرىنى تۆكۈپ تۇرغان دادۈي ئالدىدىكى چوڭ يول بىلەن مېڭىپ، 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ كوچۇم مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدۇق.

ئوكتەبىر قۇياشىنىڭ بۇلۇتسىز ئاسماندىن تارالغان ئىللىق نۇرىدا چومگەن يول بويىدىكى تۇتاش كەتكەن كەڭ سالا ئېتىزلاردا

بىر تەرەپتىن قوناق ئورۇۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن ماشىنا ـ سىيالكىلاردا بۇغداي تېرىۋاتقان، ئەر گۆكشي ئەزالىرى بىلەن كەڭ پاختىزار ئېتىزلاردا ئالدىراش كۆەزتېرىۋاتقان قىز-چوكانلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ساداسى بىپايان يېزا ئاسمىنىنى باشقىچە جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. بىز 2 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئائىلىلەر بويىچە سالغان قوناق خامانلىرىنى ئارىلاپ، چوڭ يولنى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتتۇق-تە، يولدىن 60 ـ 50 قەدەم يىراقلىقتىكى تاملىرى سۇتتەك ئاقارتىلغان ئازادە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

— مانا بۇ ئوي ساقىكامنىڭ ئۆيى، ـ دېدى سېكرېتار ئىشىكنى چېكىپ تۇرۇپ، ـ سىز بۇرۇن كەلگەندە بەلكى ئۇنىڭ كونا ئۆيىگە كىرگەن بولغىتىڭىز؟

سېكرېتارنىڭ سوزى تۇگە ـ تۇگىمەي ئىشىك ئېچىلىپ، هويلىدىن چاچ ـ ساقاللىرىغا خېلىلا ئاق كىرگەن، بېشىغا يېڭىسارچە قارا تۇماق، ئۇستىگە ئاق خەسىدىن ئۇزۇن كوينەك كىيىپ، بېلىنى كوك بەلۋاغ بىلەن مەهكەم باغلىۋالغان 60 ياشلار چامىسىدىكى ساقىكام بىر قولىدا غەلۋىر تۇتقان هالدا كىلىپ ئىشىك ئاچتى ۋە بىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كورۇشكەندىن كېيىن:

— هەي، بۇ بىپەرۋالىقىمنى قاراڭ، مەن تېخى نەۋرەم ئالمىجانىمكىن، دەپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، قېنى، ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە، ـ دېدى.

بىز ساقىكامنىڭ كەينىدىن هويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق سەدەپتەك يالتىراپ تۇرغان كوممىقوناق دوۋىسىنى ئايلىنىپ ئوتۇپ، ئۇزۇم تاللىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. سۇپا ئۇستىگە نەفىس گۈللۈك چوڭ شىرداق، شىرداق ئۇستىگە قىزىل تاۋاردىن قىلىنغان يەكەنداز كورپە سېلىنغان بولۇپ، ئۇستىدىكى پىشايۋانغا ياماشتۇرۇلغان بىدىشتىكى مەي باغلاپ پىشىپ يېتىلگەن ساپاق ـ ساپاق ئۇزۇملەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۇرۇپ جۇلالاپ تۇراتتى. ساقىكام بىز بىلەن بىر پەس هال ـ مۇڭلاشقاندىن كېيىن، ئۆيدىن ئېلىپ چىققان چوڭ گۇللۇك دوستىخاننى ئالدىمىزغا يېيىپ، لىگەندىكى ئاق نان بىلەن تەخسىدىكى ئۇزۇمگە تەكلىپ قىلدى.

— ساقىكا، بۇ كىشىنى تونۇمىدىڭىزغۇدەيمەن، ـ دەپ سوز باشلىدى سېكرېتار قەستەنگەپنى بۇراپ، ـ مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئۆيىڭىزگە مېهمان بولۇش ئۇچۇن باشلاپ كەلدىم.

— نىمە دىسەم بولار، ـ دېدى بوۋاي ئىتتىك ماڭا بۇرۇلۇپ، ـ قېرىغاندا ئادەمنىڭ ئەقلى ـ هۇشى جايىدا بولمايدىكەن، تونۇدۇم دەي دىسەم، دەرهال ئىسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، تونۇمىدۇم دەي دىسەم بۇرۇن بىر جايدا كورگەندەكلا قىلىمەن.

— 1972 ـ يىلى هويلىڭىزدا ئوتكۇزۇلگەن «سىنىپى تەربىيە كورگەزمىسى» ئېسىڭىزدە باردۇ؟ ئۇ، شۇ چاغدا سىزنى تونۇشتۇرۇپ گېزىتكە خەۋەر يازغان مۇخبىر يولداش ئادىلجان ئەمەسمۇ؟ بۇ قېتىم ئۇ يەنە سىزنى زىيارەت قىلىپ، گېزىتكە خەۋەر يېزىش خىيالى بىلەن ئۆيىڭىزگە كەلدى.

— بۇ ئەقلىمنى قاراڭ! ـ دېدى ساقىكام بىردىنلا قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ، ـ مەن راستىنلا سىزنى تونۇماي قاپتىمەن، ئېيتىمىسىمۇ ئۇ ئىشلارغا ئون نەچچە يىلدىن ئېشىپ قالدى ئەمەسمۇ.

بوۋاي شۇ سوزدىن كېيىن نىمە ئۇچۇندۇر بىر خىل ئېچىنىشلىق خاتىرە ئېسىگە چۈشـ

كەندەك بىر پەس جىمىپ قالدى ـ يۇ، كېيىن
ئۇزىنى ئوڭشاپ، يېقىنقى بىر ـ ئىككى
يىلدىن بۇيانقى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۈسـ
تىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. سېكرېـ
تارمۇ چايدىن كېيىن بىز ئىككىمىزـ
نى ئۇچچە قالدۇرۇپ، 2 ـ ئىشلەپچىقىـ
رىش دۈيىنىڭ خامىنىغا كېتىپ قالدى…

ساقىكام بىلەن بولغان سوھبەت يېرىم ساـ
ئەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى، ئۇ، بۇ جەرياندا
يېڭى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان
2 يىلدىن بۇيان دۈيدىن بېرىلگەن هوددەيېـ
رىنى قانداق قىلىپ ياخشى باشقۇرۇپ كىلىـ
ۋاتقانلىقىنى ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسپىنى راـ
ۋاجلاندۇرۇشتا يەنە نىمە ئىشلارنى قىلغانلىغىـ
نى تەپسىلى سوزلەپ بەردى. بىراق مەن ئۈچۈن
يەنىلا بىر نەرسە كەملىك قىلاتتى، ئۇ بولسىمۇ
ساقىكامنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى يېڭى ئۆزـ
گىرىشلەرنى روشەن دەلىللەپ بېرىدىغان ساناـ
لىق پاكىتلار ئىدى. مەن شۇڭا ئۇنىڭـ
دىن قايتا سورىدىم:

— ساقىكا، ئېيتىپ بېقىڭا بۇ يىل سىزنىڭ
خاماندىن ئالغان ئومۇمى ئاشلىغىڭىز ۋە ئاـ
ئىلە بويىچە قىلغان ئومۇمى كىرىمىڭىز قانچىـ
گە يەتكەندۇ؟

— هەي، بۇنى سوراپ نىمىمۇ قىلارسىز، كېـ
زىتكە يازغىدەكمۇ هېچ نەرسە يوق، ـ دىدى
بوۋاي گويا بىر نەرسىدىن چۈچۈگەندەك قوـ
لۇمدىكى خاتىرە دەپتەر بىلەن رەسىم ئاپـ
راتىغا قاراپ، — بۇغدايدىن ئالغىنىم ئاـ
ران 4 ـ 5 يۈز جىڭ، قوناق بىلەن قوشقانـ
دا 800 جىڭغا يېتىشى مۇمكىن.

— ئومۇمى كىرىمچۇ؟

— بۇمۇ 200 يۈەندىن ئاشمىسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، ئويىڭىزدىكى بۇ يىل
يېڭىدىن سېتىۋالغان زىلچا ـ گىلەم، ئۈن ئالـ
غۇ، رادىيو، كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىق
نەرسە ـ كېرەكلەرنى …

سوزۇمنىڭ ئاخىرى تۈگە ـ تۈگىمەي ساـ
قىكام بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە،
گويا سۈزۈك ئاسماندا "لەپپىدە" پەيدا بولـ
غان قارا بۇلۇت سايىسىدەك رەڭگىنى
ئۆزگەرتىپ، گەپ ـ سوزسىز ئالدىمدىكى دوسـ
قاننى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى . خوشلۇشۇش
ئالدىدا ئىهتىمال مىهمانلىق هورمىتىمنى قىلىـ
دى بولغاي، قەستەن زورغا كۈلكە يۈگۈرـ
تۈپ: "سىز ئېيتقاندەك، ئويىمىزدە نەدىمۇ
گىلەم ـ پىلەم، رادىيو ـ پادىيو بولسۇن، باشـ
قىلار ئەتەي مېنى شاڭخو قىلىپ، سىزگە شۇنـ
داق تونۇشتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ». ـ دەپ
قوشۇپ قويدى. مەنمۇ ئورۇنسىز سوئال سوـ
راپ ئۇنى رەنجىتىپ قويغۇنۇمغا خىجىل بولـ
غان هالدا دادۇي ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلـ
دىم.

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا كوزۇمگە زاـ
دىلا ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇيان ئورۇلۇپ، بۇـ
يان ئورۇلۇپ كاللامدا مۇنداق بىر چىگىش
سوئال تۇغۇلدى:"نىمە ئۈچۈن دۈي كادىرـ
لىرىنىڭ ساقىكام هەققىدىكى تونۇگۇنكى توـ
نۇشتۇرۇشى بىلەن بۈگۈن ئۇنىڭ ئوز ئاغزى
بىلەن سوزلەپ بەرگىنى ئوخشىمايدۇ؟ ساقىـ
كامنىڭ بۇ يىل «تاڭشەن» بۇغدىيىدىن 8 مىڭ
جىڭدىن كوپرەك مەهسۇلات ئالغانلىغىنى، دولەتكە
سېتىپ بەرگەن 4 مىڭ جىڭ بۇغداي پۇلى
بىلەن ئۇزىنىڭ باغ، ئورمان، چارۋىچىـ
لىقتىن كىرىم قىلغان 2 مىڭ يۈەن پۇلىنى
قوشۇپ بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا يۇقۇرىدا مەن
ساناپ ئوتكەن ئوي ـ سەرەمجانلىرىنى سېتىـ
ۋالغانلىغىنى دادۈي سېكرېتارى ئوز ئاغزى
بىلەن سوزلەپ بەرگەنغۇ ؟ تېخى، دادۈي،
گۇڭشې بويىچە ئېچىلغان ئالدىن بېيىغان ئاـ

ئېلىلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە تەقدىرلەش يىغىنىدا مۇكاپات ئالغان بىر قوي، بىر دانە ۋېلىسىپىتمۇ بار. ئەمدى گەپ زادى قەيەردە؟ دادۇي كادىرلىرىدىمۇ ياكى ساقىكامدىمۇ؟!»

مەن مۇشۇلارنى ئويلاۋىتىپ، خىيال يىپلىرىم بىردىنلا ھېلىقى ئونيىل بۇرۇنقى «سىنىپي تەربىيە كورگەزمىسى» گە بېرىپ چېتىلدى: بۇ 1972 - يىلىنىڭ 4 - ئاي مەزگىلى بولۇپ، كىشىلەر ئالدىراش ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. مەن بۇ دادۇيگە كېلىپ 2 - كۈنى ئەتىگەن كادىرلاردىن بىرى ئاستا ياتىغىمغا كىرىپ كەلدى - دە، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىكى بىر گۈگۈشپ ئەزاسىنىڭ ئائىلىسىدە «ئوتمۇشنى ئەسلەش - ھازىرقى بەخت - سائادەتنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يېتىش» مەزمۇن قىلىنغان بىر سىنىپي تەربىيە كورگەزمىسى ئېچىلىدىغانلىقىنى، مۇمكىن بولغاندا مېنىڭمۇ قاتنىشىپ بېرىشىمنى تەكلىپ قىلدى. مەن بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ھايال بولمايلا 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۇيىگە يېتىپ كەلدىم. يىغىن ئورنى راستىنلا دادۇي ئىشخانىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر دىخاننىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. ھويلىنىڭ توت تېمى ھېلىلا يىقىلىپ چۈشكىدەك چاك - چېكىدىن بوسۇلۇپ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قاپتۇ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈزگە يېقىن ئەر - ئايال گۈگۈشپ ئەزاسى ۋە ئۇششاق باللار چىراي ۋە كىيىم - كېچەكلىرىدىن توپا ئۇرلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىر خىل چۈشۈنۈپ بولمايدىغان جەڭگىۋار - جۇشقۇن قىياپەتتە قوللىرىدا بايراق تۇتۇپ، رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇراتتى. ھويلا تېمىنىڭ ھەممە يېرىگە سىنىپي كۈرەشكە ئائىت ھەر خىل يوغان خەتلىك شوئارلار چاپلانغان، ئويگە كىرىدىغان تار كوچىنىڭ ئىككى يېنىدىكى چوڭ سۇپا بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان 2 خىل تۇرمۇش بويۇملىرى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى سۇپا تېمىغا لوڭقا گۈللۈك چوڭ بىر دانە خوتەن گىلىمى تارتىلغان بولۇپ، گىلەمگە تاقاپ قويۇلغان كارۋاتقا ھەر خىل تاۋاردىن تىكىلگەن يېپ - يېڭى يوتقان - كورپە ۋە گۈللۈك ياستۇقلار رەتلىك تىزىپ قويۇلغان. سۇپىدا يەنە 4 - 3 تاغارغا يەۋەس قاچىلانغان يېرىك ئاشلىقمۇ ئالاھىدە كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى سۇپىغا بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، يەتمىش يېرىگە ياماق چۈشكەن بىر ئەسكى يوتقان، بىر پىشى يوق جۇۋا، بىر دانە پۈچۈق قازان بىلەن يېرىم خالتا كېپەك قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەر تىزىپ قويۇلغان ئىدى.

يىغىن باشلىنىپ ھايال ئوتمەي، سەھنىدە يېشى 50 لەردىن ئاشقان، بۇغداي ئوڭلۇك، چاساقال، تەمبەل كەلگەن بىر كىشى پەيدا بولدى - دە، كوز چاناقلىرىدىن توكۇلگەن ئاچچىق يېشىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ، ئوزىنىڭ ئوتمۇش كونا جەمىيەتتە تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن ئۇزۇنغىچە شىكايەت قىلدى. شىكايەت داۋامىدا ئۇ، ئاتىسىدىن قالغان ھېلىقى بىر دانە پۈچۈق قازاننىڭ تارىخى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالغان بولسىمۇ، لېكىن نىمىشقىدۇر بۈگۈنكى بەخت - سائادەتلىك يېڭى تۇرمۇشىدىن ئېغىز ئاچقاندا، سۇپىغا تىزىپ قويۇلغان ھېلىقى زىلچا - گىلەم ۋە يوتقان - كورپىلەر توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ سوز قىستۇرۇپ قويماي ئوتۇپ كەتتى، پەقەت سوزىنىڭ ئاخىرىدىلا:

«بۇگۇن ئەمدى تۇرمۇشۇم باياشات، كۆڭلۈم خۇشال ئۆتمەكتە، كىيىم ـ كېچەك، ئاش ـ ناندىن غېمىم يوق، تۇرمۇشتا قىينالسام پارتىيە ئىگە» دېگەن بىر جۈملە سوزنى قوشۇپ قويدى.

ئەتىسى مەن شۇ مەيداندىن تارتىلغان بىر پارچە سۈرەت ۋە بۇ كىشىنىڭ سوز خاتىرىسىگە ئاساسەن رەتلەپ چىققان «بۇگۇنكى تۇرمۇشۇم ھەسەلدىن تاتلىق» دېگەن ماۋزۇدىكى زىيارەت خاتىرەمنى گېزىتخانىغا ئېۋەتتىم، خاتىرىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي سۈرەت بىلەن بىرلىكتە گېزىتكە بېسىلدى. بۇ كىشى ـ مەن بۇگۇن ھازىرلا ئۆيىدە زىيارەت قىلىپ قايتقان ئەشۇ ساقچامنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

«ئۇن يىل بۇرۇن ئۆز ئائىلىسىدە سىنىپىي تەربىيە كورگەزمىسى ئېچىپ، كىشىلەرنى سىنىپىي زۇلۇم ئۈستىدە چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلغان بۇ ئاقكۆڭۈل ئادەم، بۇگۇن ئەمدى نېمە ئۈچۈن ھازىرقى باياشات تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوزلەپ بېرىشتىن باش تارتىدۇ؟ ياكى بىرەر ئەندىشىسى بارمۇ ـ يە؟» خىياللىرىم يەنە شۇ چىگىش سوئالغا جەم بولدى. ئويلاۋېرىپ ئېنىق بىر نەتىجىگە كېلەلمىگەندىن كېيىن، كەچلىك تاماقنى يەپ، سېكرېتار قاسىمكامنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدىم.

2ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە كەلگىنىمدە خېلى كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىمۇ بىر قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يولدىن خامانغا قايرىلىپ 5 ـ 6 قەدەم مېڭىشىمغا تونۇش بىر ئاۋاز قۇلۇغۇمغا ئاڭلاندى. ئارقامغا بۇرۇلۇپ يول بويىدىكى ئېرىق بېشىدا ماڭا قاراپ تۇرغان ساقچامنى كورۇپ ھەيران قالدىم.

ـ بەللى، سىز ئىكەنسىزغۇ، ـ دېدى ئۇ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ماڭا يېقىنلىشىپ، ـ ناتونۇش يۇرتتا ئىزدەپ يۇرمەك يەنە؟

ـ يوقسۇ، ساقچا، ـ دېدىمەن ئۇنىڭغا جاۋابەن چاقچاق ئارىلاش، ـ سىزگە ئوخشاش تونۇش ـ بىلىشلەر تۇرغان يەردە ئېزىپ قالسام بولماس، سېكرېتارنى ئىزلەپ خامانغا كېلىۋىدىم.

ـ يۇرۇڭ ئويىگە كىرەيلى، ئەتىگەن ئۆيدە ئادەم يوق، ئالدىراپلا كېتىپ قالدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوڭلىڭىزنىمۇ ئازراق چىگىپ قويدۇم، سېكرېتار بىلەن ئەتە كورۇشەسىز.

ئۇ شۇ گەپنى ئېيتىپ، مېنىڭ جاۋاپ بېرىشىمنى كۇتمەيلا ئويىگە قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئەتىگەندىن بېرى كاللامدا يېشىلمەي كەلگەن بۇ سىرلىق «تېپىشماق» نىڭ بىرەر يېشىمى ئۈچۈنى تېپىۋالسام ئەجەپ ئەمەس، دېگەن ئويىنى كوڭلۈمگە پۈكۈپ، ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىشىمىز بىلەن ئويى ئىچىدىن ئاڭلانغان رادىيودىكى جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى بىردىنلا خىيالىمنى بولۇۋەتتى، مەن ھەم ئەجەبلىنىش، ھەم قىزىقىش ھېسسىياتىم بىلەن ساقچامغا تىكىلدىم، ساقچاممۇ كوڭلۈمدىكىنى ئاللاقاچان سېزىپ بولغاندەك، ئىتتىك ماڭا بۇرالدى ـ دە:

ـ «كېسەللىنى يوشۇرساڭ، ئولۇمى ئاشكارا» دېگەننىڭ ئوزى مانا شۇ دە، ئەتىگەن سىزدىن شۇنچە يوشۇرساممۇ، ئەمدى بەرىبىر ئاشكارا بولۇپ قالدى، ـ دەپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

ـ ئۇنداق بولسا، ئەتىگەن نېمىشقا راستىنى ئېيتمىدىڭىز؟

ـ سەۋەبىنى كېيىن سوزلەپ بېرەي، ئەۋۋەل ئويىگە كىرەيلى.

بىز ئويىگە كىرگەندە ساقچامنىڭ ئايالى مەريەم ئاچا ئوغلى پولاتجان ۋە ئىككى

ئوغۇل نەۋرىسى رادىيو ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىخارامان تاماق يەۋاتقان ئىكەن. ئۇلار مېنى كورۇپ دەرھال توردىن ئورۇن بوشۇتۇپ قىزغىن كوتۇۋالدى ۋە ئونۇمىغىنىمغا قارىماي، تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ئوي ئىچى راستىنلا يېڭىدىن بېيىغان ئائىلىلەرگە خاس جاھازلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەن ئەتىگەن بىۋاقىدىن سوراپ كوڭلىنى چىگىپ قويغان ھىلىقى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى "مانا مەن» دەپ، كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تاماق يېيىلىپ، دوستىخان يىغىلغان پۇرسەتنى غىنىمەت بىلىپ، ساقىكامدىن قايتىدىن سورۇدۇم:

— ساقىكا، ئەتىگەن كوڭلۇڭىزنى بىر ئاز چىگىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— ياقەي، - دىدى بوۋاي خىجىل بولغان ھالدا ساقىلىنى سىلاپ، - ئەسلىدە مەن ھەممىنى سىزگە سوزلەپ بىردىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن 1972- يىلى ئەتىيازدا، سىز كېلىپ گېزىتتە خەۋەر قىلغان ئەشۇ بىر قېتىملىق "سىنىپىي تەربىيە كورگەزمىسى» دىن كېيىن، مۇخبىر دىسە قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇگۇن ئەتىگەنمۇ شۇ چاغدىكى بەزى ئىشلار كوز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، سىزنىمۇ، ئوزۇمنىمۇ رەنجىتىپ قويدۇم، كېيىن قىلغان ئىشىمنىڭ تازا ياخشى بولمىغانلىقىنى ئويلاپ، سىزنى ئىزلەپ باراي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئوزىڭىز كېلىپ قالدىڭىز.

— ئېيتىڭا، ئۇ قايسى ئىش؟

— شۇ قېتىمقى "سىنىپىي تەربىيە كورگەزمىسى»ئېچىلىشتىن بىر كۇن ئىلگىرى، - دەپ سوز باشلىدى ساقىكام بىر ھازا گەپ - سوزسىز ئولتۇرۇپ كېتىپ، - شۇ چاغدىكى دادۇيىمىزنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بىر دادۇيجاڭ كۇتمىگەندىلا ئويىمىزگە كىرىپ كەلدى ۋە گەپ ئارىسىدا دادۇيىمىزگە يۇقۇرىدىن بىر مۇخبىر كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ دادۇينىڭ سىنىپىي كۇرەش، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن خەۋەر يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا دادۇينىڭ مۇشۇ ئىشقا ئولگۇرتۇپ مېنىڭ ئائىلەمدە بىر نوۋەت "سىنىپىي تەربىيە كورگەزمىسى» ئېچىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھەيران بولۇپ، لام - جىم دىمەي تۇرۇپلا قالدىم ۋە ئۇنىڭدىن: "ئوتمۇش كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىمنىغۇ سوزلەپ بىرەرمەن، لېكىن كورگەزمىگە قويىدىغان نەرسە - كېرەكلەرنى قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورودۇم. دادۇيجاڭ دەرھال سوزۇمنى بولۇپ:" ئويىڭىزدىكى ھازىرقى بار يوتقان - كورپە، كىيىم - كېچەكلەرنى بىر ياققا تىزىپ، قالغان ئىشلارغا بولسا ئوزىمىز مەسئۇل، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ھە، راست بىر خالتىدا ئازراق كېپەك تەييارلاپ قويۇشنىمۇ ئونتۇپ قالماڭ. بۇ، ئوتمۇش كونا جەمئىيەتنى ئەسلەپ، بۇگۇنكى بەختسائادەتنىڭ قەدرى-قىممىتىگە يېتىشتە تېخىمۇ پايدىلىق»، دىدى-دە، ئويدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كۇنى كەچقۇرۇن ئەل ياتقاندا ئوشتۇمتۇت ئويىمىزنىڭ ئالدىغا بىر ئات ھارۋىسى كېلىپ توختىدى، قارىسام، ھارۋىدا كەلگىنى دادۇينىڭ ھارۋىكىشى قاسىمجان بىلەن دادۇيجاڭ بارات ئىكەن. ئۇلار سىز كورگەن خوتەن گىلىمى، 3-4 تاغار ئاش ۋە بىر قانچە پارچە يوتقان-كورپىلەرنى ھارۋىدىن ئېلىپ ھويلىغا توشۇشقا باشلىدى، مەن بۇ ئىشتىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:" بۇ نېمە ئىش دۇيجاڭ؟ » دەپ سورۇدۇم، ئۇ ماڭا غەلىتە بىر ھىجىيىپ: "ئامەت كەلسە قوش كەپ-

تۇ، دەپتىكەن ساقىكا، بۇ سىزگە داۋۇيىمىز-
نىڭ غەمخورلىقى، سىزنى ”5تەكاپالەتلەنگۈچى
ئائىلە» دەپ قاراپ، ئۆزۈڭدىن بىرى داۋۇيىدە
يىغىلىپ قالغان بىر قىسىم قوتقۇزۇش پۇلى-
غا بۇ نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ كەلدۇق،
ئەتە سىز بولارنى كۆپچىلىككە
كۆرسىتىپ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ
مېھرى - شەپقىتىدىن تېخىمۇ ياخشى سۆزلەڭ»
دەپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ
بۇ خىل تاسادىپى غەمخورلۇقىغا دەسلەپتە بىر-
دىنلا ئىشىنىپ كىتەلمىگەن بولسامۇ، لېكىن
پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزەلدىن مەن-
دەك ”5تەكاپالەتلەنگۈچى ئائىلە»نى يۆلەپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆزۈمگە ئىختىيارسىز
ياش ئالدىم، ئەتىسى كۆرگەزمىدىن كېيىن،
بۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆيگە تو-
شۇۋىتىپ تېخىمۇ خۇشال بولدۇم. لېكىن......

— ھە، ئاندىن نىمە بولدى؟

بوۋاي يەنە بىر ئاز توختۇۋېلىپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى:

— نىمە بولاتتى، ھەپتە ئۆتۈپ
ھېلىقى ھارۋا بىر كېچىدە يەنە ئۆيى-
مىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ قې-
تىم ھارۋىدا كەلگىنى داۋۇيجاڭ بارات، مىنبىڭ
لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى مامۇت ۋە بىر نەچچە
مىنبىڭ ئىكەن. مەن ئۇلارنى ئۆيۈم-
گە مېھمان بولۇپ كەلدى بولغاي دەپ ئوي-
لاپ، ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم.
ئۇلار ئۆيگە كىرىپ، بىردەم ئۇيان- بۇياندىن
قۇرۇق پاراڭ سوققاندىن كېيىن، بىردىنلا گەپ-
نى بۇراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەندە كۆرگەزمىگە
قويۇلغان گىلەم، ئاشلىق ۋە يوتقان-كۆرپىلەر-
نى قايتۇرۇپ كىتىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىش-
تى. كۆتمىگەندە ئېيتىلغان بۇ غەلىتە سۆز-
دىن كېيىن، بېشىمغا گويا بىر چىلەك سوغاق
سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تەنلىرىم جۇغۇلداپ تىت-
رەپ كەتتى - دە، ھوشۇمنى يوقۇتۇپ قويۇش-
قا ئازلا قالدىم، شۇ ھامان قەھرى - غەزى-
ۋىمگە پايلىمايلا: ” ھەي ئالدامچىلار، ئىش-
نىڭ تېگى مۇنداقكەن - دە؟ سىلەرنى قاندا-
قمۇ پارتىيە، خەلقنىڭ كادىرى دىگىلى بول-
سۇن! بۇ، پارتىيە، خەلقنى ئالدىغانلىق ئەمەس-
مۇ؟ مەن ئەمدى قايسى يۈز، ۋىجدانىم بىلەن
كۆپچىلىك ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەي-
مەن؟ خەپ، توختاپ تۇرۇش! ئەتىلا ئالدام-
چىلىقلىرىڭنى ئاممىا ئالدىدا يېيىۋەتمىسەم! »
دەپ قاتتىق ۋاقىرىۋەتتىم. كەينىدىن ئۆيۈمگە
تىزىپ قويۇلغان ھېلىقى نەرسە - كېرەكلەر-
نى بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارىتىپ
ئاتتىم. گېپىمگە چىدالماي ئېچى ئۆرتەنگەن
داۋۇيجاڭ دەرھال ئالدىمغا يۈگۈرۈپ
كىلىپ: ” ھە، داۋۇينىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە
پۇل ساناپ بېرىپمىدىڭ؟» دىگىنىچە ئاغزىم-
غا مۇش بىلەن كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى.
ئاغزىمدىن شۇ ھامان قان كېلىپ، بىر چىشىم
قولۇمغا چۈشتى. ئۇلار بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت
قىلماي، بىر دەمدىلا ئۆيدىكى نەرسە - كېرەك-
لەرنى يىغىشتۇرۇپ، ھارۋىغا بېسىپ كۆزدىن غا-
يىپ بولدى.

— ئىش تېخى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، - دەپ
داۋاملاشتۇردى ساقىكام، - ئە-
تىسى ئەتىگەن بارات دۇيجاڭ يەنە بىر كا-
دىرنى ئۆيۈمگە ئىۋەتىپ، بۇ ئىشلارنى
مىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا قايتا سۆزلەپ
ئاشكارىلاپ قويماسلىقىم لازىملىقى-
نى، ئەگەر سۆز - چۆچەك قىلىپ داۋۇيىمىز-
نىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتسە، يۈز-كۆزۈمگە
قارا سۈركەپ، خەلقى - ئالەم ئالدىدا سازا-
يى قىلىدىغانلىقىنى ئەيتىپ تەھدىت سالدى، مەنمۇ
بۇ ھېلىگەر ھازازۇلنىڭ قىلمەن، دىگەن ھەر

قانداق يامان ئىشنى قىلىش قولىدىن كېلى-
دىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە
ئىلىمدىن بىر پارچە ھوججەت يېزىپ بېرىپ
قۇتۇلدۇم. شۇندىن ئېتىۋارەن بېشىمنى ئە -
چىمگە تىقىپ، تا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقال-
غىچە ئۆز دەردىمنى ئۆزۈم بىلىپ يۈرۈۋەر -
دىم .

- راستىن جاپا چېكىپسىز ساقىكا، - دى -
دىممەن ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ،-
ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىمۇ ؟

- نەدىكىنى دەيسىز، - دىدى بوۋاي تىتىك
ئاۋاز بىلەن كوز چاناقلىرىدا پەيدا بولغان
ئىككى تامچە ياشنى چاندۇرماي سۈرتىۋېتىپ،-
ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، دادۇيە-
مىزدىكى كوپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق
ئاشلىقى تۈگەپ كەتتى، ئائىلىمىزدىكى 5 جان
ئادەمنىڭ يېيىشىگىمۇ بىر نەچچە جىڭ تې -
رىقتىن باشقا بىر نەرسە قالماي، ئىنتايىن
قىينالدۇق. بىر كۈنى ئاخشام دادۇيىگە بېرىپ
ئامبارچىنى تېپىپ، ئازراق ئاشلىق قەرز
بېرىشنى ئوتۈندۈم، ئامبارچى يىگىت: «توخ-
تاڭ ساقىكا، سىزدەك ئاشلىقى تۈگىگەن ئائى-
لىلەر دادۇيىمىزدە خېلى كوپ، ئەتە دۈيدە يى-
غىن ئېچىپ، ئامىمىنىڭ باھالىشىدىن ئوتكۈ-
زۈپ بىر تەرەپ قىلايلى، ھازىرچە كېتىپ تۇ-
رۇڭ» دەپ يولغا سالدى. ئەتىسى دۈيدەراس-
تىنلا يىغىن ئېچىلىپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تۈ-
گىگەن بىر قىسىم ئائىلىلەرگە ئاز - تولا ئاش-
لىق قەرز بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىشتى، لېكىن
مېنىڭ ئىسمىم كورسۇتۇلگەندە گوڭشېدىن كەل-
گەن بىر يولداش ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى
بىلمەيلا: «ساقىكا، ئوتكەندە كورگەزمىگە قو-
يۇلغان ئاشلىقىڭىز تېخى تۈگىمىگەندۇ،
ئۇنى ھەتتا رەسىم بىلەن گېزىتكىمۇ بېرىشتى،
بولغاندا شۇ ئېشىڭىزنى يەپ تۇرسىڭىز قاند -
داق؟» دەپلا ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى، كوپچىلىك-
مۇ ھەقىقى ئەھۋالنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ
پىكرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنكى
كۈنلەردە بىر قانچە قېتىم دادۈيگە يىغلاپ كې-
لىپ ھال - ئەھۋال ئېيتساممۇ ھېلىقى دادۈي-
جاڭ ئامىمىنىڭ باھالىشىدىن ئوتمىسە بولماي-
دىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىرەر جىڭمۇ ئاشلىق
قەرز بېرىشكە ئۇنىمىدى. نەتىجىدە يوقسۇز-
لۇق ئازاۋىدىن چوڭ ئوغلۇم پولاتجان بىر كې-
چىدىلا يۇرتتىن ئايرىلىپ، تاكى ئوتكەن يىلى
باھارغىچە ئاياغ شەھەردە مۇساپىر بولۇپ يۈر-
دى. كىچىك ئوغلۇم ئادىلجان ئانىسى بىلەن
خوشنا يېزىدىكى بىر تۇققان قىرىندىشىمىزنىڭ
ئويىدە 2 ئايدەك تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇغداي-
غا ئوغاق تەككەندە قايتىپ كەلدى. مېنىڭ ئە-
تىگەن سىزنى كورۇپ ئېسىمگە چۈشكەن ئىشلار
ئەنە شۇ.

— گەپتىن قارىغاندا مېنىڭ سىزگە كەلتۈر-
گەن جاپايىممۇ ئاز بولماپتۇ - دە،-دىدىممەن
خىجىل بولغان ھالدا خاتىرەمنى سومكامغا سې-
لىۋېتىپ،- ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشىنى مەنمۇ
ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

— ھەي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋا-
تىسىز، بۇ ئىشلارنى قاندا قمۇ
سىزدىن ياكى بىرەر شەخسىدىن كورگىلى بول-
سۇن ،- دىدى ئۇ خۇرسىنىش ئىچىدە ئىتتىك
ماڭا بۇرۇلۇپ، - ھازىر ئويلاپ كورسەم، بۇ
دەل شۇ چاغدىكى خاتا سىياسەت بىلەن مۇ-
ناسىۋەتلىك ئىش ئىكەن.

— شۇنداق،- دىدىممەن ئۇنىڭ سوزىنى
ئەستىلاپ، - ئۇ، راستىن شۇ چاغدىكى 10
يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ خەلققە
كەلتۈرگەن بالايى-ئاپىتى، شەكلىۋازلىق، يال-
غانچىلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ ئاۋۇتى.

ئاخىرى 13 - بەتتە

# ئانا



(ھىكايە)

دىلبەر قەييۇم

ئاھ ··· بالام، كوز نۇرۇم، باغرىم، گوھەر-
دەك بالام ··· جان ئاناڭ سېنى يەنە بىر كو-
رەلمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغان بولدى.
خۇدا، شۇ ناتاۋان بەندەڭنىڭ ئىلتىجاسىنى
مەقبۇل كورۇپ، ئەزىز ئوغلۇم بىلەن دىدار
كورۇشتۇرگەن بولساڭ··· ئاھ··· بالام······ ئا-
ناڭ سېنىڭ يولۇڭغا تەلمۇرمەكتە··· قېنى سەن
يۇرەك پارەم······

× × ×

ئوپالنىڭ پامىر بويلاپ ماڭىدىغان چوڭ
يولىنىڭ ئۇستىدە پىغانلىق نالىلەرقىلىپ، گاھ
ئىككى يېنىغا دەلدۇگۇنۇپ، گاھ ئالدىغا مۇ-
دۇرۇپ، گاھ كەينىگە سەنتۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان
ياشانغان ئانا چوڭ يولدىن ھالقىپ، تاغ باغ-
رىدىكى كىچىك چىغىر يولغا ئوتۇشى بىلەنلا،
ئالدىغا بىر مۇدۇردى - دە، ئوز تەگىپۇگىلىغى-
نى يوقۇتۇپ، ئېرىق بويىدىكى تەكشى ئوس-
كەن ياۋا ياپۇزلار ئوستىگە يۈپپىدە يىقىلدى.

ئانا شۇ تەرىقىدە بىر پەس ئارام ئالغان-
دەك ياتتى-يۇ، كۇچسىز بارماقلىرى بىلەن يۇم-
ران ياپۇز شاخلىرىنى قاماللىغان ھالدا
تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئانىنىڭ ئاستا مى-
دىرلاشلىرىدىن سىلكىنگەن ياپۇزلار ئوزىگە
خاس بولغان ھىدى بىلەن ئانىنىڭ پۇراش
سىزىمچانلىقىنى ئويغاتتى بولغاي، ئۇنىڭ قې-
رىلىقىغا مۇناسىپ كەلمىگەن دەرىجىدىكى نۇر-
لۇق كوزلىرى ئايىغى ئاستىدىكى ياپ - يې-
شىل ياپۇزلارغا تىكىلدى.

ئانا مۇكچەيگەن گەۋدىسىنى ئاۋايلاپ ئې-
گىپ، تىترىگەن قوللىرىدا يەرنى دىيەپ، گوشى
قاچقان ئۇرۇق ئوستىخىنىنى ئېھتىيات بى-
لەن يەرگە قويدى. ئاردىدەك ئورۇق، ئۇزۇن
بارماقلىرىنى توختىماي ھەركەتلەندۇرۇپ يا-
پۇزلارنى سىلاپ ئولتۇرۇپ:

—رەھمىتى بىر چاغلاردا ھەر دائىم:
ئوستەڭ بويىدا ياپۇز،

يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز؛
مېنى يالغۇز دېمىگىن.

ئاللامۇ ئۆزى يالغۇز، — دېگەن ناخشىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى. دۇرۇس، ئادەملەر ھامان يالغۇز ئىكەن-دە، پانى ئالەمگە يالغۇز كېلىپ، باقى ئالەمگىمۇ يالغۇز كېتىدىكەن. بىر مەھەل جۈپ بولۇپ ياشىسىمۇ، بۇ پەقەت ئۆتكۈنچى ئىشلار ئىكەن. ئاخىر مەنمۇ يالغۇز قالدىمغۇ ؟ — دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا پىچىرلىدى:

— بالامنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋېلىشنى، ئۇنىڭ ئۆز ئەجرىدىن رازى بولۇپ كۈلگەن گۈلگۈن چىرايىنى كۆرۈۋېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق ئەزرائىل يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھاياتتىن ئۈمىت ئۈزگىنىم يوق. چۈنكى ئۈمىتسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى.

دەل شۇ ئاندا ئۈچۈما بولغان بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن تومۇرتۇمشۇق ئېرىق بويىدىكى نان جىگدە شېخىغا قونغان بالىسىغا قاندا قتۇ ئۆز تىلى بىلەن بىر نىمىلەرنى دەپ ۋىچىرلاپ، جىگدە تېنىسىنىڭ يېرىلىپ قوۋزا قلاشقان جايلىرىنى چوقۇلاپ بىر نەرسىلەرنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئانىسىنىڭ بۇ ھەركەتلىرىگە ھوشيارلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغان بالا قۇش دەرھال ئانىسىنى دوراشقا كىرىشتى.

«دېمەك ئانا قۇش ئۆز نەسلىگە دەرەخلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولغان تۈرلۈك ھاشاراتلارنى ئۆتكۈر تومۇر تۇمشۇغى بىلەن يوقۇتۇش قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادىنىڭ كەسپى ئىكەنلىگىنى سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇ ئانا ئىكەن-دە... مەن ئەشۇ تومۇر تۇمشۇقچىلىك بولالىغاندىمەنمۇ ؟ ئانىلىق قەرزىمنى ئادا قىلالىغاندىمەنمۇ ؟ ئانىنىڭ بالا ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى نىمە دېگەن ئېغىر-ھە! شۇ تاپتا ئەگەر ئۇن-يىگىرمە ياش ئارقىغا ياناليسام ئىدىم، تومۇر تۇمشۇقنى ئۇستاز تۇتقان بولاتتىم. بىزدە: «ياش يۈزگە يەتمەيدۇ، يۈزگە يەتسە كۈزگە يەتمەيدۇ، دېگەن گەپ بار ئىدى. بەرھەق ئىكەن، مانا ھازىر كۈزگە يەتمەيۋاتىدۇ.»

قۇشلارنىڭ ھەركىتىنى جىمجىت كۈزىتىپ ئولتۇرغان ئانا ئۆزىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى-دە، چۈچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىككى قولىنى غەرپ تەرەپكە سوزۇپ، زەيىپ، ئەمما كەسكىن ئاۋاز بىلەن تۇۋلىدى:

— بالام... جېنىم بالام... ئاناڭ ساڭا قەرزدار، ئاناڭ ئارماندا كېتىدىغان بولدى. ئاتاڭ ۋە ئاناڭ قىلالمىغان ئۇلۇغ ئىشلار ساڭا قالدى، — دەرمانسىزلانغان ئانا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەرپ تامان سوزۇلۇپ ياتقان مۇقەددەس تاغلارغا چۈشكەندە، تاغنىڭ بارا-بارا يىراقلىشىشقا ئەگىشىپ خىيال قۇشلىرى كىندىك قېنى توكۇلگەن بوك-باراقسانلىق چىمەنزار ھويلىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

× × ×

ئانىسىدىن كىچىك قالغان بۇرابىيە ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ئەمگەكچان ئاتىسىنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئەقىل-پاراسەتلىك، ئىشچان قىز بولۇپ ئۆستى.

ئۇنىڭ تەگتۈشلىرىدىن ئۆزگە خاراكتېرى ئاتىسىنى ھەم خوشال قىلاتتى، ھەم ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ بىر قانچە قېتىم: «قىزىم بويىڭغا يېتىپ قالدىڭ، ئەمدى موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرس ئېلىشنى توختاتساڭ ياخشى بولارمىكىن» دېگەن گېپىگە ناھايىتى سىلىق قىلىپ: «ئاتا: دۇنيادا ئۆز پەرزەنتىنىڭ قەلبى-

نى ھېچ كىم ئاتا-ئانىدەك ياخشى چۈشەنمەسە كېرەك. بولۇپمۇ يالغۇز قىزلىرىنىڭ نىمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ ئاياندۇر. شۇڭا دەرس ئېلىشىمغا چەكلىمە قويمىغايلا»، دېگەنگە ئوخشاش جاۋاپلىرى ئاتىنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى.

بۇرابىيەنىڭ كۈندىلىك ئادەتلىرىدىن بىرى - دەرس ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، ئۆي ئىشلىرىنى تۈگۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، تەڭتۈش دوستلىرىنى ھويلىسىغا يىغىۋېلىپ، مەكتەپكە بارمايدىغان دوستلىرىغا ئۆزى ئۆگەنگەن دەرسلەرنى ئۆگىتەتتى، تۈرلۈك كىتاپلارنى مۇتالىئە قىلاتتى. قىزلار ئۆزلىرى توقىغان ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىغان قوشاقلارنى ئوقۇپ كۆڭۈل ئاچاتتى. يېڭىدىن - يېڭى قوشاقلار ۋە پەر بېيتلار قىزلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قوشاتتى.

بىر كۈنى بۇرابىيەنىڭ دوستى بۇسارە ئىنتايىن مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتتى:

ئۇستەڭدىكى سۈزۈك تاش،
يارىم ئوتتى كۆزى ياش.
مېنى يولغا قاراتماي،
راس گېپىڭنى بەر ئاداش.

ئۆزلىرى تالىپ كىشى،
مۇڭداشقىلى بولمايدىكەن.
ئۆيلىرى يىراق ئىكەن،
كۆرۈشكىلى بولمايدىكەن.

قىز ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ چوڭقۇر بىر تىنىدى-دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

دوستىنىڭ دەرتلىك قەلبىنى چۈشەنگەن بۇرابىيە ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— توپ تېرەكنىڭ ① بېشىدا،
توپ ئوينىغان قارا قاش.
مېھرىبان يار كەلدى دەپ،
مەش ئوينىغان قارا قاش.

زىرىمەنۇ - زىرىمەن،
خاڭدەن-تاۋارنىڭ بىرىمەن.
مەدرىستە ئوقۇغان،
تالىپ يىگىتنىڭ خىلىمەن، - دېگەن

ناخشىنى ئېيتتى ۋە ئارقىدىنلا:

— قانداق دوستۇم، مەدرىستە ئوقۇۋاتقان تالىپ يىگىتكە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغانغا پۇشايمان قىلىۋاتامسەن ؟ — دەپ سورىدى.

ئۆزىنىڭ ئىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان بۇسارە لىققىدە ياش غىلدىرلاپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى دوستىغا تىكتى-دە، تاراملاپ ئېقىپ كەتتى. ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋالغاندىن كېيىن، ئاران ئاڭلانغىدەك پەس ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— ئۇ مەدرىستە يەنە قانچە يىل دەرس ئالاركىن؟ — ئۇنىڭ سۇلغۇن چىرايىدىن ئۈمىتسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— قانچە كوپ ئوقۇسا، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى بۇرابىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، سەنمۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مەن بىلەن بىرگە موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرس ئالغىن. ئىلىم ئىگەللىگەچ ئۇنى كۈتكىن. قانداق؟

ئۇ دوستىنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

— ئىلىم ئادەم قەلبىنىڭ چىرىغى، قەلبىگە ئەنە شۇ چىراق نۇر چېچىپ تۇرغان كىشى ھەر قاچان خۇش چاغ بولۇر، ئىلىملىك كىشىنىڭ ئادەملەر ئالدىدا قىممىتى بولغاي. ئۇ ئىككىلا دۇنيادا خار بولماس. شۇڭا ئىلىم

①توپ تېرەك — ئويپالدىكى بىر جاي ئىسمى.

تەھسىل قىلمۇاتقان كىشىنى ھورمەت قىلىش لازىمدۇر، دوستۇم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بۇساره خۇددى بىر خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەك بېشىنى يەردىن ئالماي تۇرۇپ دېدى:

— بولىدۇ، ئەتىدىن باشلاپ دەرس ئالغىلى سەن بىلەن بىرگە باراي. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەي!

— شۇنداق قىل دوستۇم!—دېدى بۇرابىيە دوستىنى قۇچاقلاپ،—بىز ئوقۇيلى، ھەممىمىز ئوقۇيلى!

مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇرابىيەنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىتاپ ئوقۇيدىغانلار، بېيىت ئېيتىدىغانلار كۆپۈيۈشكە باشلىدى.

بۇسارىنىڭ قايغۇلۇق چىرايىنىڭ ئورنىنى جۇشقۇن، قىزغىن كەيپىيات ئىگەللىدى. ئۇ-چاراقلىق ئاۋازى بىلەن:

— يارىڭىز قانداق كىشى؟
مەكزى قىزىل موللا كىشى.
مەكزىنىڭ قىزىللىقى،
باغدىكى ئانارچە بار.
ئىلمىنىڭ كاتتىلىقى،

گۈل ئورالغان تاغچە بار دەپ بېيىت ئوقۇسا، قىزلار ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

—ئەقلى بولسا گۈلنى ئۈزسۇن،
پەمى بولسا غۇنچىنى،—
بىر كۈنى باشلاپ كېلەرمىز،
چۆلدە قالغان نوچىنى.
دەپ ياندۇرىدىغان بولدى.

× × ×

كوز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پېشايۋان ئالدىدىكى كىچىككىنە باغچا قىتىن ئانار كېسمۇاتقان بۇرابىيە ھويلا ئىشىگىدە پەيدا بولغان بىر يات ئەر كىشىنىڭ قاردىمىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئۇزىنى ئانارشاخلىرىنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشىگە جاۋابەن ئۆيدىن چىققان ياشانغان ئاتا مېھماننى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى.

شاھزادىلارچە كىيىنگەن بۇ ياش مېھمان ئۆز مۇددىئاسىدىن خەۋەر بېرىدىپ: شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بۇ مەھەللىدىن ئوتكەنلىگىنى، ئادەتتىن تاشقىرى چاڭقاش ئۆزىنى بۇ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتتى-دە، ئۆي ئىگىسى بوۋاينىڭ شۇنچە كوپ تەكەللۇپ بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلغىنىغا ھورمەت بىلدۇرۇپ، ئەدەپ بىلەن ئىككىقەدەم ئارقىغا ياندى. بىراق شاھزادە كوزىنى كىچىككىنە ئانارلىق باغدىن زادىلا ئۈزەلمەي قالدى.

بىر سوۋەت ئانارنى كوتىرىپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرگەن بۇرابىيە ئەپچىللىك بىلەن بىر جۈپ ئانارنى سىقىپ پىيالىنى ئاتىسىغا ئۇزاتتى.

— ئاتا، سۇ سورىغان مېھمانغا مۇنۇ ئانار شەرۋىتىنى بەرگەيلا. ئانار كېسمۇاتقاندا كەلگەن مېھماننىڭ ئەلۋەتتە بۇ ئاناردا رىسقى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانار كېسىۋېتىپ مېھمانغا سوغۇق سۇ بېرىش ئادىمگەرچىلىك بولماس.

قىزىنىڭ ئەقلىدىن سويۈنگەن ئاتا ئانار شەرۋىتىنى كوتۈرۈپ چىقىپ خوشاللىق بىلەن مېھمانغا سۇندى.

بىر پىيالە شەرۋەتنى تىنماي سۇمۇرۇپ بولغان مېھمان رەخمەت ئېيتىش ئۈچۈن ھېچ بىر گەپ تاپالمىغاندەك، شېخنى كوتۈرەلمەي قالغان چوڭ - چوڭ ئانارلارغا قاراپ تۇرۇپ:

— بۇ يىل ئانار تازا ئوخشاپتۇ-دە،-دەپ

قويدى ۋە پىيالىنى بوۋايغا سۇنۇۋىتىپ، —

— يەنە بىرەر پىيالە بىرىشكە مۇمكىن بولارمۇ؟ دەپ سورىدى.

— خوش، ـ ئۇبدان دىگىنىچە كەينىگە يانىدى بوۋاي.

— بوۋاينىڭ مۇكچەيگەن گەۋدىسىگە قاراپ قالغان شاھزادە: " بۇ ئادەم خېلى مېھماندوست ئىكەن. سۇ سورىسام ئانار شەرۋىتى بەردى. ئەمما شەربەتنى قىزى ئېلىپ چىقماي، ئاتىسى ئېلىپ چىقىشنى يامان بولدى... بۇ قېتىم قىز ئېلىپ چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس... ئەگەر ئانار شەربىتى مۇشۇنداق شىرىن بولىدىغان بولسا، بۇنىدىن كېيىن ئوردا كىشىلىرى ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ئانار شەرۋىتى ئىچسەك نىمە دىگەن ياخشى..." دىگەنلەرنى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى.

مېھماننىڭ قايتا تەلۋى بۇرابىيەنىڭ كوڭلىگە: " شاھتىن ئىنساپ قاچقاندا، ئەلدىن بەركەت قاچىدۇ " دىگەن گەپنى كەلتۈردى ۋە مېھماننىڭ ئانار شەربىتىنى قايتا تەلەپ قىلىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. كىشى ئوز رىسقى - نېسىۋىسىگە شۈكرى - قانائەت قىلىشى لازىم ئىدى، دىگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىدىكى پىيالىغا يەنە بىر جۈپ ئانارنى سىقىۋېتىپ ئېيتتى:

— ھورمەتلىك ئاتا، مېھمانغا يەتكۈزگەيلا، نىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئادەم رىسقىدىن بەركەتنىڭ كوتۈرۈلۈشى دىمەكتۇر. كىشىنىڭ رىسقىغا قارا ساناش ئەڭ يامان ئاپەتتۇر. بىزدە: " ئاز يىگەن كوپ يەر، كوپ يىگەن نىمە يەر " دىگەن گەپ بار. ئەل ئوغلى بولغان كىشىنىڭ ئەل غېمىنى يىيىشى زورۇردۇر...

قىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئوزىنى قانداقتۇر بىر ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھىس قىلدى - دە، كوزى قىيمىغان ھالدا بۇ چىمەنزارلىق گۈزەل مەھەللىدىن ئايرىلدى.

× × ×

شاھ ھوزۇرىدىن كەلگەن ئەلچىدىن ئوز لايىغىنىڭ ئوتكەن كۈنى ئانار شەرۋىتى ئىچىپ كەتكەن شاھزادە ئىكەنلىگىدىن خەۋەر تاپقان بۇرابىيە ئەلچىدىن:

— ئۇ يىگىت ئىلىم تەھسىل قىلغانمىكەن؟ قانداق ھۈنەرلەرنى بىلىدىكەن؟ — دەپ سوراتقۇزدى.

ئەلچى ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھى ئىھرەم ئوغلىنىڭ بىر ئالى پەزىلەتلىك قىزنى ئۇچراتقانلىغىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى ۋە كەلگۈسىدىكى مىراسخورى ئوغلىنىڭ بولغۇسى رەپىقىسىدىن تولۇق رازى بولدى ھەمدە ئوغلىنى قىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھۈنەرۋەن كاسىپ قىلىپ چىقىشقا ئەھد قىلدى.

ئاتىسىنىڭ بۇيرۇغى، قىزنىڭ شەرتىگە ئاساسەن، شاھزادىمۇ ئازلا كۈندە رەقەملەردىن جۇملە تۈزۈشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئىلىم بىلەن دەستىگاھلىق ھۈنىرىنى تولۇق ئىگەللىدى.

ياندۇرقى يىلى كۈزنىڭ سېخى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شاھزادە بىلەن بۇرابىيەنىڭ تويى بولۇپ ئوتتى.

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئانىنىڭ نۇرسىز كوزلىرىدە ئاجايىپ شاتلىق ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى. چۈنكى شۇ تاپ ئۇنىڭ كوز ئالدىدا شاھزادىنىڭ كېلىشكەن قامىتى، ئوزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى گەۋدىلەنگەن ئىدى. بىر ياقتىن مەرىكە شاتلىغىغا چومگەن ئەل — يۇرتنىڭ خوشال كۈلكە سادالىرى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. دوستلىرىنىڭ ئۇنى مۇبارەكلەپ ئوقۇغان بېيىتلىرىچۇ تېخى!

ئانا شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ھېلىلا تومۇر
تۇمشۇق قونغان جىگدە شېخىغا قونۇپ تۇر ـ
غان بىر جۈپ تۇتى قۇش باشمالتاقتەك كە ـ
چىككىنە باشلىرىنى سىڭايان قىلىپ، خۇددى
قارا مارجاننى پاتۇرۇپ قويغاندەك چىراي ـ
لىق كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ ئانىغا قارا ـ
ۋاتاتتى. ئۇلارشۇقارىشى ئارقىلىق گويا ئانى ـ
نىڭ قالغاچ قانتىدەك قايرىلما قاشلى ـ
رىدىن جۇدەڭگۈ يۈزىدىكى ئىلمىپتەك بۇرنىدىن،
ئىنچىچا مىننە كەلگەن چىشسىز ئاغزىنىڭ نىپىز
لەۋلىرىدىن ئۇنىڭ پاشلىقتىكى گۈزەللىكىنى
كورۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئانا ئۇستىدىكى ئاقپىچىنىڭ ئاستىغا با ـ
سۇرۇلۇپ قالغان قىسمىنى تارتىش ئۇچۇن
سەل قوزغالغان ئىدى، قۇشلار "پۇر» قىلىپ
ئۇچۇپ كەتتى.

قۇشلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئانا
ئۇز ـ ئۇزىگە سوزلىگەندەك ئاستا پىچىرلى ـ
دى:

ـ سىلەرمۇ ئاتا ـ ئانا بولىسلەر، بالىكى
بولغانسىلەر، ئەمما بالىلىرىڭلارنى قانداق
تەربىيلەشنى ئويلۇشۇپ كۆردىڭلارمۇ؟
ئاتا ـ ئانا ئۇستىدىكى ئەڭ ئېغىر مەجبۇرىيەت
ھەقىقى ئاتا ـ ئانا بولۇش... بىراق مەنمۇ
ئۇز مەجبۇرىيىتىمنى تولۇق بىجا كەلتۇرەل ـ
مىگەن ئانىمەن ...بالام ... ئاھ بالام...

ئانا چورىلىرى ئۇششاق قورۇقلار بىلەن
تولغان مېھرىلىك كۆزلىرىنى غەرپ تەرەپكە
قايتىدىن تىكتىمدە يەنە ئاستا پىچىرلىدى:

ـ بالام قانداق بولۇپ قالدىكىنە؟ چىراي
شەكلى مەن كورگەندەك تۇرغانمىدۇ؟ يا ئوز ـ
گەرگەنمىدۇ؟

ئانا شۇلارنى ئويلاۋېتىپ جان ـ جىگەر
ئوغلىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى كوز ئالدىغا
كەلتۇردى ـ دە، ھېلىلا توختاپ قالغان ئۇچـ
قۇر خىيالىنى قوغلاپ كەتتى.

× × ×

بۇرابىيە شاھزادە بىلەن ئويلۇك بولۇپ
ئانچە ئۇزۇن ئوتمەي پاقىلاندەك بىر ئوغۇل
تۇغدى.

ئوزنەسلىدىن بىر ئوغۇل پەرزەندىنىڭ دۇنـ
ياغا كوز ئاچقانلىقىغا چەكسىز سويۇنگەن
شاھى ئىبھرەم پۇتۇن يۇرتتىكى ئولىما ـ مۇ ـ
نەججىملەرنى ئوردىغا يىغىپ:

ـ ئۇلۇغ ئاللا بىزگە ئىلتىپات ئەيلەپ،
شانۇ ـ شەۋكىتىمىزگە بىر ئوغۇل پەرزەنت
ئاتا قىلدى، ـ دىدى ئىنتايىن مەمنۇنىيەت بىلەن، ـ
ـ پەرزەنتىمىزگە مەزمۇنلۇق ، خاسىيەت ـ
لىك بولغان بىر ئىسىم قويۇش ئۇچۇن ھەر
قايسىلىرىنى ھوزۇرىمغا تەكلىپ قىلدىم .
قېنى ... مۇۋاپىق ئىسىم تاللاپ كورسەڭ.

مۇنەججىملەر چوڭقۇر سۇكۇتكە چوكتى .
ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوز كوڭلىدە ئويلىغان
ئىسمىنىڭ شاھى ئىبھرەمگە يارىش ـ يارد ـ
ماسلىقىنى ئويستىدە باش قاتۇراتتى.

ئولتۇرغانلار ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ
سوز ئالغان كىشى ئوردا مەسلىھەتچىسى
بولدى :

ـ ھورمەتلىك شاھىم، ـ دىدى مەسلىھەتچى
تازىم بىجا كەلتۇرگەندىن كېيىن، ـ
بالىغا ئىسىم تاللاشتا بالىنىڭ ئانى ـ
سىنىڭ بىزگە سىڭدۇرگەن تەسىرىنىمۇ ئىنتى ـ

ۋارغا ئالساق ، دەيمەن . چۈنكى ئۇ ھەر
قاچان ئۇردا ئەمىرلىرىدىن : شۈكرى - قا -
نائەتچان بولۇشنى ، ئىلىم ، ھۈنەر ئىگەل -
لەشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلدى . شۇ ۋەجىدىن
بالىنىڭ ئاتىسىمۇ ئىلىم ، ھۈنەردە كامالەت -
كە يەتكەنلەردىن بولۇپ قالدى.

مەسلىھەتچى شاھقا قاراپ بىر پەس تۇرۇ -
ۋىلىپ داۋام قىلدى:

- شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىدا ئاتا - ئانى -
سىنىڭ ئالى پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن
بولسا .

- توغرا ئېيتتىڭىز ،- دىدى شاھ كۈلۈم -
سىرەپ، -ئاق سۈت بەرگۈچىنىڭمۇ ھۆرمىتى
بولسۇن - دە، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلار كەينى - كەي -
نىدىن ئۆز مۇتالىئەلىرىنى ئوتتۇرىغا قو -
يۇشقا باشلىدى.

- م ( مىم ) - مەمنۇنىيەت دىگەن بولى -
دۇ . بۇ شاھىمىزنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىغا
قارىتىلغان بولسۇن.

- ھ - ھەمدۇ - سەنا - (شۈكرى قىلىش)
مەنىسىدە ، بۇ بالىنىڭ ئىناۋىتىغا قارىتىلغان
بولسۇن.

- م ( مىم ) - ماھارەتلىك مەنىسىدە ،
بۇ بالىنىڭ ئېقىل - ئىدرىكىگە قارىتىلغان
بولسۇن.

- و ( ۋاۋ ) - ۋارىسلىق ( ئاتىسىنىڭ
ۋارىسى ) مەنىسىدە ، بۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ
ئىلمىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا قارىتىلغان
بولسۇن.

- د ( دال ) - ئىلىم - بىلىم ، ھۈنەر -
ماھارەت بىلەن تونۇلغۇچى مەنىسىدە ، بۇ
ئىلىمدە ئەڭ يۇقۇرى كامالەتكە يېتىدىغان -
لىقىغا قارىتىلغان بولسۇن،- دىيىشتى.

بۇ گەپلەر شاھنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقتى.

شۇنداق قىلىپ بالىغا مەھمۇد ( محمود )
دىگەن ئىسىم ئەزان چىلاپ قويۇلدى .

شاھى ئىرەم چوڭ زىياپەتلەر بېرىپ بۇ
ئىسىم قويۇش مۇراسىمىنى ئاياقلاشتۇردى.

كېچە - كۈندۈز ئۆز قەۋمىنىڭ غېمىنى
يەيدىغان ، ئەل شاتلىقىنى زور بەخت ھې -
ساپلايدىغان بۇ ئانا دېڭىزدەك كەڭ ، قۇ -
ياشتەك ئىللىق ئانىلىق مېھرىنى ئوغلىغا
بېغىشلىدى.

رەيھىسى بۇرابىيەنىڭ ئاقىلانە مەسلىھە -
تى بويىچە ئىلىم - ھۈنەردە خېلى ۋايىغا يې -
تىپ قالغان شاھزادىمۇ ئوغلىنى قانداق تەر -
بىيىلەش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇراتتى .

× × ×

بىر كۈنى شاھ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ
ئوردا ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆ -
تىدىغان ئېرىق بويىدا ،3 ياشلىق نەۋرىسىنىڭ
كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرىنى لاي قىلىپ، بىر
نىمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىگە كۆزى چۈشتى ۋە
يېقىن كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

- مەھمۇد ، نىمە قىلىپ يۈرىسەن ،
ئوغلۇم ؟

- بوۋا مەن ئۆيۈك تىپىيمەن.

- نىمە دىدىڭ ؟ - ياندۇرۇپ سورىدى
شاھ ھەيران بولۇپ.

بوۋىسىنىڭ ھەيران بولغانلىقىنى چۈشەن -

گەندەك بالىمۇ قايتۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— ئۇيۇك تېپىمەن.

— ھەي، — دېدى شاھ ئاچچىقلىنىپ، — بالىنى ئىنىڭ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرايلى دېسەم بۇرابىيە ئۇنىمايدۇ، مانا، كىچىك بالا خالىغانچە ئويناپ قوللىرىنى لاي قىلىپ ......

— ياق بوۋا، — دېدى بالا زىل قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن، — مەن ئويۇن ئوينىمىدىم، مەن ئەمگەك قىلىۋاتىمەن. ئۇيۇك تېپىپ، مىۋە ئالىمەن.

بالىنىڭ بۇ جاۋابى شاھنىڭ سەل دىققىتىنى قوزغىدى بولغاي، سورىدى:

— ئوغلۇم، باغدا شۇنچە كوپ ئۇرۇك بارغۇ، شۇنى يېسەڭىز بولمامدۇ؟

بالا نۇر چاقناپ تۇرغان قارا كوزلىرىنى بوۋىسىغا تىكىپ تۇرۇپ:

— بوۋا، ئانام ماڭا:

ئىلىم ھۇنەي بىلەندۇي،
ئادەم قىممىتى.
ئەمگەك بىلەن كېلىدۇ،
ئەلنىڭ نېمىتى، — دەپ ئۆگەتكەن

ئىدى. ھەم يەنە ئانام ئىشچان بالا — ياخشى بالا بولىدۇ، دېگەن. مەن ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ياخشى بالا بولىمەن. ئوزەم ئۇيۇك تېپىپ ئوزەم يەيمەن.

شاھ بالىنى يەردىن، دەس كوتۇرۇپ ئېلىپ پېشانىسىدىن سويۇپ قويدى. شاھنىڭ ئەتراپىدىكى نەۋكەرلەرمۇ بىر — بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

پەقەتلا شاھنىڭ ئەڭ ھورمەتلىك كىشىسى بولغان ئوردا مەسلىھەتچىسى ئىچىدە نىمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، كېيىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ بالىنىڭ ئۇستى — بېشىغا «سۇپ» دېگەندىن كېيىن، بېشىنى كوتۇرۇپ شاھى ئىرەمگە قاراپ:

— «ئادەم كىچىكىدىن، تېرىق قۇلىقىدىن» دېگەن گەپ بار، شاھىم. بۇ بالىدىكى خاسىيەتنى ياراتقان ئىگىسى بىلگىسىدۇر. ئەلھەمدۇلىللا، لېكىن پەقىر شۇنداق قارايدۇكى، بالىنىڭ ئانىسىمۇ ئاددى ئانىلاردىن ئەمەستۇر، — دېدى.

شاھى ئىرەم بۇ گەپكە قوشۇلغانلىق مەنىسىدە باش لىڭشىتىپ قويدى.

× × ×

بالا 4 ياشقا تولغان يىلى شاھى ئىرەم نەۋرىسىنىڭ مەكتەپ يېشىغا تولغانلىغىنى مۇبارەكلەپ ئەل-يۇرتقا چوڭ نەزىر — چىراق بەرمەكچى بولدى ۋە ئەڭ موتىۋەر دەپ قارالغان كىشىلەردىن ئوردا ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلماقچى بولدى.

ئۇزۇندىن بۇيان كوڭلىگە پۇكۇپ كەلگەن ئارزۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىنىڭ ئەپلىك پۇرستى كەلگەنلىگىنى ھىس قىلغان بۇرابىيە شاھزادە بىلەن ئويدان كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، شاھى ئىرەمنىڭ خاس خانىسىگە كىرىپ كەلدى.

شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇرابىيە تەمكىنلىك بىلەن سوز باشلىدى:

— ھورمەتلىك ئاتا، پەرزەنتىمىزنىڭ غېمىنى يەپ ئوقۇتماقچى بولۇۋاتىلا، ھىممەتلىرىگە يۇز مىڭ تەشەككۇر. بىراق تەۋەيىمىزدىكى نۇرغۇن پۇخرالارنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرى كوز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشى ئەل-يۇرتنىڭ جاھالەتكە يۇزلىنىشى دېمەكتۇر. ھازىر يۇرتىمىزدا بىرەرمۇ مەكتەپ يوق. ئانچە — مۇنچە بالىلار پەقەتلا موللا — ئولىمالارنىڭ ئويىگە بېرىپ دەرس ئېلىۋاتىدۇ. پەي-

شەنبىلىك ئېلىپ بېرىشقا ماجالى يەتمىگەنلەر بولسا، ئوقۇشسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ كۆڭۈل بولۇشىگە تېگىشلىك بولغان زور ئىشدۇر.

بۇرابىيە يەر ئاستىدىن شاھى ئىرەمگە بىر قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى:

— ئەگەر ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە ئەشۇ زىياپەت ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۇل-مالنى چىقىم قىلىپ، بىر مەكتەپ سالساق، ئوقۇش يېشىدىكى مەھەللە باللىرى، جۈملىدىن بىزنىڭ باللىرىمىزمۇ مەكتەپتە ئوقۇسا، بىز تاپماقچى بولغان ئۇستازمۇ بىرلا بىزنىڭ باللىرىمىز ئەمەس، كۆپلىگەن باللارنى بىللە ئوقۇتقان بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ كاتتا ساۋاپلىق ئىش بولغان بولاتتى.

— ھىم...، — دىدى شاھى ئىرەم ئورنىدىن سەل قوزغۇلۇپ قويۇپ، — بىزدە قەدىمدىن تارتىپ:

ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي،

ئوبدان يىگىت، ئوينا توي، — دىگەن گەپ بار، قىزىم: باشقىلارمۇ ئۆز پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتنى كۆرسۇن، بىزمۇ باللىرىمىزنى ئويانغىنىمىزدەك قىلىۋېرەيلى. چۈنكى مەن تەختىمنى ۋە ئۆز نەسلىمنى ئويلاۋاتىمەن. ئوغلۇم ھۆسەيىن بولسا سىزنىڭ ئاقىلانە تەلىۋىڭىز بىلەن خۇدا خالىسا ھەم بىلىملىك، ھەم ھۆنەرۋەن ئادەم بولۇپ قالدى. شۇڭا تەختىمنىڭ ۋارىسىدىن كۆڭلۈم ئىمىن تاپتى. ئەمدى نەۋرىمىزگە كەلسەك، بۇ بالا تولىمۇ ئېقىللىق بالا بولدى. بۇ بالىنىڭ ئاتىسىدىن زىيادىرەك ئادەم بولۇشىدا شەك يوق. شۇ سەۋەپ بالىنى ئايرىم تەربىيىلىمەك زۆرۈردۇر، — شاھى ئىرەم بىر تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — خوش، بۇ گېپىمگە قارشى ئەمەستۇرسىز؟

— يوقسۇ، جانابلىرىنىڭ ھۆكمىگە قارشى تۇرۇش پەقىرنىڭ ھەددى ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاجىزەلىرى تۇۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلۇدۇركى، ئالدى بىلەن بىر مەكتەپ سېلىش ھەممىدىن زۆرۈردۇر، — بۇرابىيە بېشىنى يەردىن كۆتەرمەي تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — ئەل-يۇرتنىڭ كۆڭلىنىشى ئىلىم-مەرىپەت بىلەندۇر، شاھ تەختىنىڭ كۆڭلىنىشى ئەلنىڭ رازى-رىزالىقى بىلەندۇر.

ئاتىسى شاھ ئىرەم بىلەن ئايالى بۇرابىيەنىڭ يۇقارقى سۆزلىرىگە جىمغىنە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ھۆسەيىن ئاتىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— ئۆزلىرى يۇرت ئاتىسى. يۇرتىمىزدىكى پۇخرالارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھۆرمەت قىلغان ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلارنى ئىززەت قىلىپ، پۇخرالارنىڭ جەمىكى پەرزەنتلىرىنى ئۆز نەبىرىدەك كۆرۈشلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر...

شاھزادە ئەدەپ بىلەن ئارقىغا چېكىنىپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى.

بۇ ئورۇنلۇق گەپلەردىن تەسىرلەنگەن شاھى ئىرەم مەكتەپ سېلىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلدى ۋە غەزىنىچىنى چاقىرىپ يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

شاھى ئىرەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەھلى يۇرت ئەتىسىدىن باشلاپ داغدۇغىلىق ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

مەكتەپ پۈتكەن كۈنى شاھى ئىرەم يەنە ئوردا ئۇستازلىقىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان كىشىنى مەكتەپكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىدى.

بۈگۈن باللارنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان

كۈنى– بۇرا بىيەنىڭ ئەڭ شاتلانغان كۈنى ئى–
دى. چۈنكى ئۇنىڭ مەكتەپ سىپلىش ئارزۇسى
ئەمەلگە ئاشتى–دە!

ئۇ ئوغلىنى رەتلىك كىيىندۈرۈپ، بوينىغا
جىلىت ئېسىپ، يۈز – كوزلىرىنى سىلاپ تۇ–
رۇپ ئېيتتى:

— ئوغلۇم، بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپكە
بارىسەن، ئۇستازىڭدىن دەرس ئالىسەن.
ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، مەندىن ئەدەپ –
ئەخلاق ھەققىدە تەلىم ئالىسەن. مەكتەپتەھەر–
گىز ئوزۈڭنى مەن " شاھزادە " دەپ قارىما–
غىن، ھەممە بالىلار بىلەن ئوخشاش ئوقۇغۇ–
چىسەن. ئۇستازىڭنى ھورمەت قىل، بىلامدۇ؟

— ئانا مەن سىنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمەن.
ياخشى ئوقۇيمەن، سەن ئۈگەتكەندەك كوچەت
تىكىپ مىۋە ئالىمەن،– دىدى بالا ئانىسىنىڭ
مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ.

ئانا چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئوغلىنى باغرىغا
باستى:

— بالام ... قوزام!

ئانىنىڭ خىيال يىپلىرىنى غەرپ تەرەپ–
تىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ باھار قا–
لىغاچلىرىنىڭ چۇقىراشلىرى ئۈزدۈەتتى.

ئانا بېشىنى ئىگىز كوتۈرۈپغۇبارسىزكوك–
تە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قالىغاچلارغا
قارىدى.

— باھار... باھار،– دىدى ئانا ئاران ئاڭ–
لانغىدەك بوش ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ ۋەباش
ئۈستىدىن ئۇچۇپ كىتىۋاتقان قالىغاچلار تو–
پىغا قاراپ خۇددى ئۇلارغا سوزلەۋاتقاندەك:

باھار كەلدى جاھانغا،
گۈلزار ئەيلەرمىش.
خوش ئۇيقۇچى بەندىلەر،
بىدار ئەيلەرمىش–

دىگەن بېيىتنى ئوقۇدى.

ئانا باھار كەلگەنلىگىنى ئەمدىلا سەز–
گەندەك، پۈتۈن ئەتراپقا شۇنداق كوز تاش–
لىدىكى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى سۆيۈنۈش جىل–
ۋىلىنىپ تۇرغان كۈلكىسىدىن باھارمەنزىرى–
سىدىن چەكسىز ھوزۇرلىنىۋاتقانلىغىنى بىلگى–
لى بولاتتى، ئۇنىڭ كوزلىرى بارا – بارا
يىراقلاپ كېتىۋاتقان قالىغاچلار توپىغا تى–
كىلگەندە ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز بىلەن ۋاقى–
رىدى:

— قالىغاچلار، مېنىڭ ئوغلۇمنى كورمىدى–
ڭلارمۇ؟ ئوغلۇم نىمىشقا سىلەر بىلەن بىللە
كەلمىدى؟ بىزنىڭ بۆيەردىمۇ باھار بولدىغۇ!

ئانا بىردىنلائورنىدىن دەس تۇرۇپ كەت–
تى. ئۇنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقان
بىر جۈپ كوزى توت ئەتراپى ئىۋۋە دەرەخ–
لىرى بىلەن ئورالغان «سۇلتان باغ» تەرەپ–
كە تىكىلگەن ئىدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ كوز ئال–
دىدىن 1058–يىلى ئوردىدا يۈز بەرگەن دەھ–
شەتلىك قىرغىنچىلىق، ناھەق قان توكۇشلەر،
ھەق – ئادالەتنى ئوزىگە مىزان قىلغان ۋا–
پادار قەدىناسى ھۆسەيىنىنىڭ پاجىئەلىك ئو–
لۈمى، بۈيۈك ئارزۇ – ئارمانلانى قەلبىگە
پۈككەن يالغۇز ئوغلى مەھمۇتنىڭ ئىلىم –مە–
رىپەت ئىشقىدا ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ "مۇق
يولى" ئاتلىدىغان مانا مۇشۇ يول بى–
لەن تاغۇ – داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريالار
كېچىپ، چوللەرنى كېزىپ كېتىۋاتقان كورۈ–
نىشى بىر–بىرلەپ ئوتۈپ كەتتى.

— ۋاپاسىز پەلەك!...–دىدى ئانا چوڭقۇر
بىر تىنىۋېلىپ،– ھەممە ئادەمنى مۇشۇنداق
قاقشىتىپ ئاخىرىدا ئوزەڭ نىمىمۇتاپارسەن؟!

ئانا غەرپ تەرەپكە ئاخىرقى قېتىم يەنە
بىر قارىغان ئىدى، چىرايىدىن نۇر يىغىپ تۇر–
غان قىران ئوغلى مەھمۇدقولىدىكى «دىۋان» نى

ئىككى قوللاپ كوتىرىپ ئانىسىغا يىپىقىنلاپ كەلدى.



كۆتۈلمىگەن بۇ بەختتىن ھۇشىنى يوقۇتۇپ قويغىلى تاسلا قالغان ئانا ھاياجان بىلەن ۋاقىرىۋەتتى:

ــ بالام، ... جىنىم بالام!...

ئانىنىڭ ئوغلىنى قۇچاقلاش ئۈچۈن كەرگەن غۇلاچلىرى جىم ـ جىت ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلەپ قالدى.

بىر تىنىق ئارىلىقىدا شۇ ھالەتتە تۇرغان ئانا يۇمشاق ياپۇزلار ئۈستىگە يەڭگىلغىنا يىقىلدى.

ئوردىدىكى ئادالەتسىزلىك، پىتنە ـ پاسات يۇرىگىنى تىلىپ، قەدىناسىنىڭ ھىجران ئوتىدا پۇچىلىنىپ، يالغۇز ئوغلىنى سېغىنىش پىراقىدا كويۇپ، ئازغىنا كۈندە موماي سىياقىغا كىرىپ قالغان بۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈرەك سوقۇشى كىچە ـ كۈندۈز زارىقىپ ئوغلىنى كۈتكەن مانا مۇشۇ يول ئۈستىدە توختىدى.

ھىلىلا ئانىنىڭ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ يىراقلاپ كەتكەن قالغاچلار بىردىنلا يىغلىپ يەنە ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئۇلار قانداقتۇ چاڭگا تىزدىۋاتقاندەك تۇمشۇقلىرىدا بىر نەرسىلەرنى ئىلىپ كىلىپ ئانىنىڭ ئۈستىگە تاشلىشاتتى.

بىر پەس داۋام قىلغان بۇ ھەركەتتىن كىيىن ئانىنىڭ ئۈستى بىر قەۋەت يۇلغۇن چىچەكلىرىدىن قىلىنغان يوپۇق بىلەن پۇركەندى.

شۇنىڭدىن كىيىنلا قالغاچلار نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋىچىرلىشىپ كىتىشتى. ئۇلار شۇ ھالدا خۇددى ئانىغا ئوغلىنىڭ سالامىنى يەتكۈزىۋاتقاندەك قىلاتتى.

كۈنىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇشىغا ئەگىشىپ قىزىل يۇلغۇن چىچەكلىرى تىخىمۇ جۇلالاپ كەتتى. قالغاچلارنىڭ ماتەم ياشلىرى بولسا يۇلغۇن چىچەكلىرى بەرگىلىردە خۇددى شەبنەم تامچىلىرىدەك پاقىرايتتى.

---

ئاپتۇرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش.

دىلبەر قېيۇم ئەدەبىيات سېپىگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ئاپتۇرلاردىن بىرى. 26 ياش. قەشقەر شەھىرىدىن. 1973 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كىيىن، 1980 ـ يىلغىچە قەدەر مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىجرىمەكتە

دىلبەر قېيۇمنىڭ ئىجادىيىتى 1979-يىلدىن باشلانغان «تامچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرگە بىرىلدى. «ئانا» ـ ئاپتورنىڭ ھازىرغا قەدەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان 2 ـ ھىكايىسى.

# تۇققان يوقلاش

( ھىكايە )

ھۈسەيىن تالىپ

تاشخان ئۇستام تېنى يۇمشاق، دىلى مۇلايىم، قولى كەڭ مېھماندوست ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يېشى بۇ يىل 50 كە يېقىنلىشىپ قالدى، بېلى سەل ئىگىلدى، چېكە چاچلىرى ئاقاردى. لېكىن ئۇ يەنىلا قامەتلىك خۇشخۇي ئىدى.

ئۇ ئەل ئۆمرىدە خاپىلىق كۆرمىگەن ئىدى. ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ دۇككىنىغا كېلەتتى، كەچلىكى كۈن بىلەن تەڭ ئۆيىگە قايتاتتى. بۇ چاغدا خاسىيەت خېنىم تاماق تەييارلاپ قويغان بولاتتى. ئۇستام تاماقتىن كېيىن ئارام ئالاتتى. خاسىيەت خېنىم مىس چەينەكتە چاي دەملەپ، قولى بوشىغاندىن كېيىن، ئۇستامغا يېقىن ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشىغا ھەمدەم بولاتتى.

ئون يىللاپ بىر خىل ئۆتكەن خاتىرجەم تۇرمۇش ئادىتى ئەر - خوتۇنلارنىڭ قانلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. مۇنداق بىر تەرتىپمۇ بار ئىدىكى، خاسىيەت خېنىم تاشخان ئۇستامغا ھەمدەم بولغىنىدا سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان شوخلۇقلارنى قىلاتتى. ئۇ، " تۇغماس " ئىدى.

يىللار ئۆتتى، تاشخان ئۇستام 51 ياشقا كىرىپ قالدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇستامنىڭ بېشىغىمۇ خاپىلىق كەلدى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئاكىسى ۋە تاغىسى قازا تاپتى، ئۇستام تىكىر تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شەھەرنىڭ تۆت يول دوقمۇشىدىكى ماشىنچىلىق دۇككىنى تاقىلىپ قالدى.

— خاسىيەت خېنىم، — دەيتتى تاشخان ئۇستام، ياستۇقتىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — ئىنىم ساۋۇتخان ئۇستامغا خەۋەر قىلىپ قويسىلا، يېنىمغا بىر كېلىپ كەتسۇن.

— مەن يېزىغا قانداق خەۋەر قىلاي، ئالدى بىلەن ساقىيىپ قويسىلا، ئاندىن بىر گەپ بولار...

تاشخان ئۇستام شۇندىن ئېتىۋارەن كۆز ئاچماي ياتتى. يېتىپ تۇرۇپ، بەزى - بەزىدە ئىنىسىدۇر پىچىرلايتتى

2

تاشخان ئۇستام 35 كۈندە تالا - تۈزگە چىققىدەك بولدى. ھېلىمۇ چىرايى سۇنۇق - ساغۇچ ئىدى.

— ساۋۇتخانغا خەۋەر قىلماي يامان بولدى!...

— قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك گەپنى قىلىشىۋېرىدىكەنلا، خەۋەر قىلىپ - قىلماي نىمە بوپتىكەن؟

— ئىككىمىز بىر قوساقتا ياتقان ئاكا - ئۇكا ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇق - تۇققان ئاتىلىق كىم بار؟ سىلىنىڭ تېخى يوق.

— بۇ ئالەمدە تۇققانسىز ئوتۇپ كەتسەك كېتەيلى، يېزىدىكى تۇققاننى ئېغىزغا ئالمايلى.

تاشخان ئۇستام تالا - تۈزنى ئايلىنىپ، كونگەيلىك پىشايۋان ئاستىغا كىلىپ ئولتاردى. خاسىيەت خېنىم ئۇستامنىڭ ئالدىغا دوستىقان سالدى. چىنە بىلەن ئاش ئەكىلىپ توختاتتى. ئۇستام قىژمىلىق ئۇگرىنى ئىچىۋېتىپ سورىدى:

گوشنى بېرەرسى ئەكىلىپ بەردىمۇ؟

— ھە، راست سىلىگە دىمەكچى ئىدىم، ئۇنىتۇپ قاپتىمەن. تۈنۈگۈن ساۋۇتخان بىر پۇت گوش ئەۋەتىپتىكەن.

— ئۆزى كەلمەپتىمۇ؟

— ياق...

تاشخان ئۇستام ئىچىۋاتقان ئېشىنى قويدى، قولىغا دىيىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

— نىمە بوللا؟ ئاشلىرىنى قىزدىق - قىزدىق ئىچىپ تەرلەنسىلە، پايدا قىلىدۇ.

تاشخان ئۇستامنىڭ گوشسىز يۈزىدە بىئاراملىق جىلۋىلەندى. پىشايۋان ئاستىدىن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىلىپ توختىدى.

— بىر تۇققان ئىنىم بىلەن 10 يىللاپ باردى - كەلدى قىلىشماي تاشلىۋېتىش نىمە دىگەن زور ئازاپ-ھە؟

— بۇ تەقدىر، ئۇنداق - مۇنداق دىگىلى بولمايدۇ. پىشانىمىزگە نىمە پۈتۈلگەن بولسا، شۇنى كورمەي ئىلاجىمىز يوق.

— بۇ گەپلىرى ئەندى قۇلاققا ياقمايدۇ. ئىنىم ساۋۇتخاندىن باشقا نىمەم بار، ئالدى - ئارقىمىزدا بىرەر بالىمىزمۇ يوق. بۇ نىمە بولغىنى؟

— يىراقتىكى تۇققاندىن، يېقىندىكى خوشنا ئەلا، دىگەن گەپ بار. يىراقتىكى تۇققاننىڭ كېپىنى قىلىمىسىلا. قارىسىلا، مەن سىلىگە دەپ قوياي، پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا دەپتىكەن، پۇلنىڭ ئۆزى تۇققان!

— بولدى، گەپ قىلىمىسىلا! ...

تاشخان ئۇستامنىڭ ئۇچلۇق ئىڭىكىدىكى بىر تۇتام ساقىلى لىكىلداپ، كوزى چانىغىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. ھويلىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن، مېھمانخانا ئويي تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ ياستۇققا يولۇنۇپ ياتباشلىدى، ئوينىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى رامىغا ئېلىنغان سۈرەتكە كوزى چۈشتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەر - بىلىنمەس مىدىرلايتتى، رامدىكى سۈرەتكە گەپ قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئىدى.

ئاكا - ئۇكىلار ئوخشاش ئۇستىلار ئىدى. ساۋۇتخان ئۇستام ئاكىسىدىن 2 يىل كېيىن چولپان ئىسىملىك مەڭزى ئاناردەك يېزىلىق قىزغا ئويلەندى. كېيىنكى يىلى چولپانخان بىر ئوغۇل تۇغدى. شۇ يىلى ساۋۇتخان ئۇستام چولپانخاننىڭ يېزىسىغا شالاڭلاشتۇرۇلۇپ، دۇكاننى تاقاپ چىقىپ كەتتى. ماشىنچىلىق يېزىدا ئاقمىدى. ساۋۇتخان ئۇستامنىڭ بالىسى كوپەيدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى پۇلغا ئالغىدەك نەرسىلىرىنى سېتىپ بالا باقتى. تۇغۇلۇپ ئوسكەن شەھىرىگە قايتىپ كېلىش يولىنى ماڭدى - يۇ، قايتىپ كېلەلمىدى.

تاشخان شەھەردە، ساۋۇتخان يېزىدا قىلىۋەردى. ئارىدىن 8 يىل ئوتتى. ئۇستام خاسىيەت خېنىمنى ئېلىپ ساۋۇتخاننى يوقلاپ يېزى-

غا باردى. بۇ چاغ ساۋۇتخان ئۇستامنىڭ قولى تازا ئۇزۇك ۋاقىتلىرى ئىدى. خاسىيەت خېنىم تۇققان يوقلاپ چىققىنىغا پۇشايمان قىلىپ، شەھەرگە قايتىپ كېتىشكە ئالدىرىدى ۋە شۇ كۈنىلا شەھەرگە قايتىپ كېلىۋالدى. ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەننىڭ باردى - كەلدىسى ئۈزۈلدى.

خاسىيەت خېنىمنىڭ مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن تاشخان ئۇستامنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى.

— كورسىلە يانا شۇ سۇرەت، ئۇزلىرىنى بىھۇدە ئەۋارە قىلىلا، ئارام ئېلىپ تىزراق ماغدۇرلىرىغا كېلىشنى ئويىسىلا يامان بولارمىدى؟!

كەچ كىردى. مېھمانخانىنىڭ چىرىغى يېقىلدى. خاسىيەت خېنىم ئۇستامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتاردى.

— خاسىيەت خېنىم، ئەتە ئوبدان تەييارلىق قىلىسىلا، يېزىغا تۇققان يوقلاشقا چىقىمىز.

خاسىيەت خېنىم توك سوقۇۋەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتى:

— يېزىغا چىقمىشىمىز، شۇ يېزىنى ئۇنتۇپ قاللىمۇ؟ بۇنى قولىغىمىزغىچە تويۇپ قېچىپ كەلمىدۇقمۇ؟ يەنە يېزا - يېزا دەيدىكەنلا، ئالا-غورا، خام زاغرا يېگىلىرى كەلدىمۇ ؟

— خوتۇن، گېپىمگە ماقۇل دىسلە، تۇققان يوقلاشقا چىقىمىز، تۇققان يوقلاشقا! سەيلى، توي - تاماششىگە چىقمايمىز!

— يېزىدىن تويغانمەن. يېزا دىگەننى ئاڭلىسام بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ، كوزلىرىم ئېلىشىپ كېتىدۇ. تووۋا دەي، تووۋا.

— مەن جان-جىگەر ئىنىلىرىمنى تاشلىيالمايمەن.

— بىز كوزدىمىز بىلەن كورگەنغۇ، جان-جىگەر ئىنىلىرىنىڭ ھالى خاراپ، بۇنى بىلەمەلا، ئۇ ئايدىن-بۇ ئايغىچە خالتىنى ئۇشىنىسىگە ئارتىپ دۇينىڭ ئاشلىق ئامبىرى ئالدىدىن، ئاش، ئاش دەپ كېتەلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە يانا نىمە دەپ چىقىمىز ؟ ئەندى بولدى قىلسىلا.- خاسىيەت خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشخان ئۇستامنىڭ ئوك تەرىپىگە ئوتتى. ئۇ، ئوز كوڭلىدە « قايىل قىلدىم» دەپ ئويلايتتى.

— ياق، بۇگۇنكى يېزا بۇرۇنقى يېزىلارغا ئوخشىمايدۇ.- تاشخان ئۇستامنىڭ ئەۋازى بىردىنلا كۇچايدى،-دېخانلار، جۇملىدىن ساۋۇتخانمۇ ھازىر نامرات ئەمەس. كويۇپ - پىشىپ، تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەپ چىرايلىرىغا قان يۈگەردى.

— شۇنداقمۇ دەيلا، يانىلا « مولىلا ھوشۇرنىڭ بىرى شۇ »!

تاشخان ئۇستام خاسىيەت خېنىمنى تۇققان يوقلاشقا كوندۇرەلمىدى، ئۇلار بىر - بىرىنى ماقۇل دىگۇزەلمەي تۇننىڭ يېرىمىنى ئوتكۇزىۋەتتى.

3

ئەتىسى تاشخان ئۇستام بىلەن خاسىيەت خېنىم بىرگە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. ئەمما ئىككى گاچا بىر ئويگە كىرىپ قالغاندەك بىر-بىرىگە سوز قىلىشمىدى.

تاشخان ئۇستام جىمىلىقنى بۇزغان موتوتسىكىلىتنىڭ ئەۋازىنى ئاڭلاپ ھويلىغا چىقتى. موتوتسىكىلىتنىڭ ئەۋازى جىمىپ، ھويلا ئىشكى قېقىلدى.

—ھارماڭ تاشخان دادا! —15—16 ياشلاردا بىر يىگىت ئەدەپ بىلەن تاشخان ئۇستام بىلەن كورۇشتى.

— سەن كىم بولىسەن؟- تاشخان ئۇستام يىگىتنىڭ باش - ئايىغىغا سەپ سىلىپ سورىدى.

— مەن ئېزىز.

— بەللى يىگىت، شۇنچە تېز چوڭ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟

تاشخان ئۇستام ئېرىزنى باغرىغا باستى، يەپى ئۈزۈلگەن ماجاندەك كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

ئېرىز شەھەر بالىسىدەك كېيىنگەن ئىدى. ئۇنىڭ قاش كۆزلىرى - گۆشلۈك لەۋلىرى، ئەندىلا خەت تارتقان بۇرۇتى ساۋۇتخان ئۇستامنىڭ يىگىتلىكىنى ئەسلىتەتتى.

— داداڭ ساقمۇ، ئۇكىلىرىڭچۇ؟

— ساق، سالام ئېيتتى.

تاشخان ئۇستام ئېرىزنى مېھمانخانىغا باشلىدى. ئىشىكنىڭ لىم ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرغان خاسىيەت خېنىم " بۇ كىم؟ "، دېگەندەك ئېرىزغا تىكىلدى.

— ھارمىسىلا خاسىيەت ئانا. ساق - سالامەت تۇرۇلىمۇ؟

" ئانا " سۆزى خاسىيەت خېنىمنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىتىرىتىۋەتتى. ئۇ، ئۆز ئۆيىدە مۇنداق يېقىملىق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى.

— ساۋۇتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئېرىز، چوپ-چوڭ يىگىت بولۇپ قاپتۇ.

خاسىيەت خېنىم ئاغزىنى ئاچقان پېتى ئېرىزدىن كۆز ئۈزمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ساۋۇتخان ئاكام، چولپانخانلار تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق، سالام ئېيتتى...

— ئىنشائاللا، بالام، نېمە كويى تۇتۇپ يۈردۈڭلار؟- سورىدى خاسىيەت خېنىم.

— مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. ئانام بىلەن دادام ماشىنچىلىق دۇكىنى ئاچتى. دېھقانچىلىقمۇ قىلىمىز.

— كونىلار ئوبدان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەر ئىككى تەرەپتىن كىرىم قىلىپ ئوبدان بولۇپ قالدۇق. خامانىمۇ ئوتكەن ھەپتە ئېلىپ قولدىن چىقاردۇق. بۇگۈن دولەتكە يېڭى ئاشلىقمۇ سېتىپ بەردۇق. دادام سىلەرنى ئۆز قولى بىلەن تېرىغان بۇغدايدىن يەپ باقسۇن دەپ، بىر تاغار ئەۋەتتى.

— ئاشلىقىڭلار يېتەمدۇ؟

— يېتىپ ئاشىدۇ. ئوتكەن يىلقى كونا بۇغدايدىنمۇ تېخى بار. بۇ يىل يانا ياخشى ھوسۇل ئالدۇق. يىل بويى بۇغداي يېسەكمۇ كېلەر يىلقى ئومىدىن ئاشىدۇ.

— راست شۇنداقمۇ-بالام؟ خاسىيەت خېنىم ئىشەنمىگەندەك سورىدى.

— يېقىندا موتوتسىكلىت سېتىۋالدۇق. كالا-قويىمۇ 10 تۇياققا يەتتى. ماشىنچىلىق بىلەن ئېيىغا 3 - 2 يۈز يۈەن كىرىم قىلىۋاتىمىز.

— ياخشى، روناق تېپىڭلار بالىلىرىم.

— ئۇكام، يول ئۇستىدە بۇغدايىغا قاراپ قالغان ئىدى. بۇغداينى ئۆيگە ئېلىپ كېلەي— دەپ ئېرىز ھويلىدىن چىقتى.

— بىزگە... ئەۋارە بوپسىلەر، ئۆزەڭلەر يېسەڭلەر بولمامدۇ؟- دەپ تاشخان ئۇستام ئېرىزنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

ئېرىزنىڭ تاشخان ئۇستام ئۈچۈن بۇغداي ئېلىپ كېلىشى ئۈزۈلۈپ قالغان كەلدى - باردىنى ئۇلىدى. ئېرىز ئۇستامنىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلىپ تۇراتتى، ئۇ موتوتسىكلىت بىلەن كېلەتتى، ئىنىسى ئابلىمىت ئىشەك ھار-ۋىسىغا قوغۇن - تاۋۇز قاچىلاپ كېلەتتى.

— ئەمدى تۇققان يوقلاشقا چىقمامسىز مۇ؟-دېدى تاشخان ئۇستام، خاسىيەت خېنىمغا،- يېزىدىن قورقىدىغان ۋاقىت ئوتتۇپ كەتتى، بۇگۈنكى يېزىنى ئۆز كوزىمىز بىلەن كوروپ كېلىمىز.

خاسىيەت خېنىم ئالدىراپ تەييارلىق قىلىدى، تونۇرغا ئوت سالدى، ھەممەك - توقاچ ياقتى، " يېزىمۇ تەرەققى قىپتۇ، ئوبدان تەيـ

(ئاخىرى 98 - بەتتە)

AltunOq

# ئېھ، ھايات!

( نەسىر )

زۇلپىقار

باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىۋى يەر يۈزىنى ئىللىتىپ، يان بېغىرلاردىن ئەگىز ئېقىپ، جان-جانىۋارلار ئۇچەكتىن چىقىشقا باشلىغىنىدەك، سارىخان موماي ھاسىسىغا تايىنىپ ھويلىغا چىقتى.

ھويلا باھار ئاپتىۋىغا چۆمگەن، كىشىگە راھەت بەخش-ھوزۇر بېرەتتى. موماينىڭ كۆڭلى يايراپ، راھەتلىنىپ ئەسنىدى، ئەسنەش بىلەن ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

ئېھ، ھايات!

ئەمدى ئايدىڭ ئاخشاملىرى ھويلىدا - پىشايۋاندا يېتىش مۇمكىن. بۇنداق ئاخشاملاردا چېكەتكىنىڭ بىر خىل چىرىلدىشى، پاقىلارنىڭ كۇكىرىشى، سۆچىلارنىڭ يېقىملىق ناخشىسىغا قۇلاق سېلىپ يېتىش قانداق راھەت!

ئەمدى يەر يۈزى ھايات قىزغىنلىقى بىلەن تولىدۇ! چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەلراق ياسىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ، ئۇ ھاياتنى نەقەدەر قىزغىن سويىدۇ - ھە! ئەنە ئۇ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان تۇخۇم شاكىلىنى سورەپ كېتىۋاتىدۇ… ھەرىلەرنىڭ غوڭۇلداشلىرى كىشىگە ھايات قىزغىنلىقىنى بېغىشلايدۇ… باھاردا ھەممە نەرسە يېڭىچە، يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

يەرنىڭ پوستى دومبىيىپ چىققان، بۇ يەرنىڭ ئاستىدا دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقان بىخ بار. ئۇ تۇپراقنى ئەنە شۇنداق يېرىپ چىقىپ تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ رېڭى بىلەن تولۇقلايدۇ. ئەنە ھويلا تېمى ئۈستىگە ۋە بىخ چىقىرىشقا باشلىغان دەرەخلەر شېخىغا قونىۋالغان قۇشلار ھايات ناخشىسىنى ئېيتماقتا.

موماينىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن تېپىشكە باشلىدى. ئۇ گويا سەبى بالىدەك ئەتراپتىكى بارلىققا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارايتتى. ھايات نەقەدەر قىزىق!

موماي ھويلىدىكى ھەر يىلى سۆپۈرگىلەر ئۆسۈپ باغجانلاپ كېتىدىغان قېرىمىغا قارىدى. بۇ يەردىن ھەر يىلى 40 — 50 دانە سۆپۈرگە باغلاشقا بولاتتى. ھازىر ئۇ يەردە ئاندا - ساندا سۆپۈرگىلەر ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، باغرى ئىللىغان تۇپراقتىن بىلىنەر - بىلىنمەس ھور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

موماي ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىنى خېلى ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك ھىس قىلدى. ھويلىدىن ئوتغۇچنى تېپىۋېلىپ، قىرىمىنىڭ قاشلىرىنى چانىاپ يۇمشىتىشقا باشلىدى. ئۇ يەردە ئۈنۈپ چىققان يۇمران سۈپپۈرگىلەرنى يۇلۇپ تاشلىماقچى بولىدىيۇ، يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. پەقەت سۈپپۈرگىلەر ئارىلىقىنى يۇمشاتتى. ئۇنىڭ ھەركىتى شۇنچىلىك ئاستا ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەركىتىگە قاراپ تۇرۇش كىشىنى زېرىكتۈرەتتى. ئەمما ئاللىقاندىاق ھىس - تۇيغىدىن كۈچ ئېلىۋاتقان موماي زېرىكمەستىن ئاستا - ئاستا چانايتتى. ھاسىراشتىن گېلى خېرىلداپ تۇرىۋاتسىمۇ، ئۆزىنى ھارغاندەك ھىس قىلمايتتى.

شۇ چاغدا ھويلىغا بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ خۇشخۇي يۈزىگە سىم بۇرۇتى ئاجايىپ ياراشقان، يوغان كۆزلىرىدە ياشلىقنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ مومايىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆز ئىشىغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشكەن موماي يىگىتنىڭ كەلگىنىنى تۇيمىدى.

يىگىت مومايىنىڭ زادى نىمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ بىر ھازا قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، زادىلا پەرەز قىلالمىدى. ئەمما مومايىنىڭ پۈكۈلۈپ، ئىنجىقلاپ، ھاسىراپ ھەركەت قىلىشىغا قاراپ تۇرۇپ، يۈرىگى سىقىلدى. مومايىنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىنى سوراپ بىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى قىلىپ بەرمەكچى، مومايىنى بۇ جاپالىق مېھنەتتىن ئازات قىلماقچى بولدى.

— چوڭ ئانا، نىمە كويدا ئاۋارىسەن؟ - سورىدى ئۇ.

موماي چۆچۈپ كەتتى. ئەمما يىگىتكە قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ ئۆز ئىشىغا بەنت بولدى، كۆلگەندە تولاشقان قوغۇندەك قورۇققا تولغان يۈزى ئاجايىپ مېھرىۋان تۇس ئالدى.

— سۈپپۈرگىلەرگە پەرۋىش قىلىۋاتقان ئوخشايسەن - دە؟

— سۈپپۈرگىگە؟ ياق، بالام - دىدى موماي. ئۇ سۈپپۈرگىلەرنى يۇلۇپ تاشلاشقا قىيمىغىنى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىپ دەرھال يۇلۇشقا كىرىشتى. شۇنداق بولسىمۇ قىرىمىنىڭ ئىككى بېشىدا بىر نەچچە تۈپ سۈپپۈرگىنى قالدۇرۇپ قويدى.

— يۇلۇپ تاشلىدىڭىزغۇ؟ - دىدى ھەيران بولغان يىگىت.

— گۈل تېرىيمەن! - دىدى موماي، يىگىتنىڭ كۆزىگە " قەلبىمنى چۈشەندىڭمۇ قانىداق " دىگەندەك قاراپ.

— ئاۋارە بولمايلا قوي، مەنلا تېرىۋېتەي.

بۇ سۆز مومايغا ياقمىدى. ھەي، ياشلار، ھايات بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرغان قېرىلارنى چۈشەنمەيدىكەن - دە، ئۇ، مومايىنى ئاسرىماقچى، لېكىن بۇ، مومايىنىڭ ئاخىرقى خاھىشى.

موماي يىگىتكە نارازى ئەلپازدا قارىدى.

تېخىچە ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيۋاتقان يىگىت مومايغا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ قالغان ئىدى. يىگىتنىڭ يۇلۇپ تاشلانغان يۇمران سۈپپۈرگىلەرگە تىكىلىپ قاراپ قالغىنىغا كۆزى چۈشۈپ:

— ئىچ ئاغرىتىۋاتامسەن؟ - دەپ كۈلدى موماي، — قوي، ساقالدىكى ئاشتا قوساق تويمايدۇ، گۈل تېرىساق قانداق ياخشى ...

يىگىت مومايىنىڭ قەلبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى. باھاردىكى ھايات قىزغىنلىقى مومايىنى قۇچىقىغا ئالغان ئوخشايدۇ. ئەنە ھەممە جاندارلار ھايات نەغمىسىنى باشلىۋەتكەن. بەلكى ئەتە - ئۆگۈن موماي تېرىغان شۇ گۈللەر ئۈستىدە رەڭگا - رەڭ كېپىنەكلەر قانات قېقىپ ئوينىشار. موماي پىشايۋاندىكى كارۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ، گۈللەرگە قاراپ ھوزۇرلىنىپ كۈلەر...

ئېخ ھايات! ...

# ۋەتىنىم - بەختىم

(نەسىر)

مەتتوختى ئىسمائىل

ۋەتەننىڭ بىپايان تۇپرىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، شات - خورام ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشى ۋەتەن ھەققىدە گەپ ئېچىلسىلا، ئۇنىڭ ئېزىز تۇپرىقىنى، پۈتمەس - تۈگىمەس مول بايلىقلىرىنى، پۈتكۈل دۇنيادىكى چەكسىز ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىزغىن مەدھىلىمەي تۇرالمايدۇ، شۇ سەۋەپتىن مەنمۇ ۋەتەن ھەققىدە بىر نەچچە جۈملە گەپ - سۆز قىلىشنى لايىق تاپتىم.

ئېخ ۋەتىنىم جۇڭگو! مەن سېنىڭ بىر قانچە يىللار ئىلگىرىكى ھالىڭنى ئېنىق ئۇنتۇتمىدىم. سەن ئۇ چاغلاردا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دولەت ئىدىڭ، چەتئەللىكلەر سېنىڭ ئۈستۈڭدە خالىغانچە زاۋۇت - فابرىكىلار، سەيلە - ساياھەت باغچىلىرى قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكلىرىگە: "جۇڭگولۇق ئىتلارنىڭ كىرىشىگە روخسەت يوق" دىگەن خەتلەرنى يېزىپ قوياتتى. سېنىڭ قوينۇڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئوچۇم زىيانداش قۇرتلار، جىن - شاياتۇنلارمۇ جاھانگىرلارغا ماسلىشىپ خەلقىڭ قېنىنى شورايتتى. بىز دائىم خەلقىڭ تەقدىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى قانداق بولار؟ دەپ ئويلايتتۇق. ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئىسسىق قېنى توكۈلگەن نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاۋى قۇربانلار ھەر مىللەت ئوغۇل قىزلىرىغا: سىلەر ئۈمىتسىزلەنمەڭلار، قورقۇپ بوشاشماڭلار، كۈرەش قىلىڭلار، ئۇزۇن مۇددەت جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىڭلار، ئۇزەڭلارنىڭ بارلىق ئېقىل - پاراسەت ۋە تالانتىڭلارنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قۇتقۇزۇشقا بېغىشلاڭلار، بىز ئۇلۇغ جۇڭگونى ھەرگىز جاھانگىرلىكنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويمايمىز، جۇڭگونىڭ قىياپىتىنى چوقۇم يېڭى تۈسكە كىرگۈزىمىز، بارچە كەمبىغەللىكلەر، ئاپەتلەر، قالايمىقانچىلىقلار، ئاغرىق - سىلاقلار، خۇراپاتلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ. ھەممە يەردە شۇخلۇق، شاتخوراملىق يېڭى مەنزىرە يارىتىلىدۇ، دىيىشكەن ئىدۇق.

ئېخ ۋەتەن! مانا پۈتۈن دۇنيا خەلقى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئىنقىلاۋى قۇربانلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى كۈرەش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندى. زامان ئۆزگەرگەن، خەلق ئۆز ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئىلىم - پەن ئارقىلىق تىلسىماتىنى بويسۇندۇرۇۋاتقان، سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سېنىڭ پۈتكۈل يەر زېمىنىڭنى، تاغ - دەريالىرىڭنى يېپ - يېڭى بىر مەنزىرە قاپلىدى. سەندىكى دات - پەريات، قايغۇ - ھەسرەتلىك كۈنلەر شاتلىق سادالىرى بىلەن، نامراتلىق، ئاچ - يالىڭاچلىق بايلىق بىلەن،

ئاغرىقچانلىق ساغلاملىق بىلەن ، نادانلىق پاراسەتلىك بىلەن ، ئـۇلۇم ھازىسى شاتلىق بىلەن ،
چۆللەر باغۇ ـ بوستانلىق بىلەن ئالماشتى . جۇڭخۇا مىللەتلىرى پۈتۈن يەر شارىدا ئـۆزىنىـڭ
ئىززەت ـ ئابرويىنى تاپتى ، ھەققانى ئىنسانىيەت قاتارىدا قەدكۆتەردى .

ئىيخ ۋەتىنىم جۇڭگو ! مەن سىنىڭ بەختىيار پەرزەنتىڭ ، ئۆمۈرۋايـەت سىنى قـوغداش ،
سىنى گۈللەندۈرۈش مىنىڭ يۈكسەك بۇرچۇم . مەن سىنىڭ ئىللىق باغرىڭدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانـ
لىغىم ئۈچۈن،ئۆزەمنى تولىمۇ شات ـ خۇرام ، بەختىيار ھـىس قـىلـىمـەن . سـەندىن چـەك ـ
سىز ئىپتىخـارلىـنىمەن ، ئـومۇر بويى سـىنىڭـدەك ئـۇلۇغ دىيارنىڭ ئاشىق كۈيچىسى بولۇشنى
ئارزۇ قىلىمەن .

ئىيخ، ۋەتەن ! سىنىڭ سان ـ ساناقسىز بايلىقلىرىڭ كىشىنى تولىمۇ مەمنۇن قىلىدۇ ، سىـ ـ
نىڭ نۇرغۇنلىغان يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىڭ دۇنياغا مەشھۇر ، كوممۇنىستىك پارتىـ ـ
يىنىڭ رەھبەرلىگىدە، ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ، تەر ئاققۇزۇپ،سىنى گۈللەندۈرمەكـ
تە . پۈتۈن دۇنيا خەلقى ساڭا كۆز تىكمەكتە ، سىنى مـەدھىلىمەكتە؛ ئىيخ ۋەتەنىنىڭ تاغ ـدەريالىـ
رى ، ئۆتمۈش كۈنا جـەممىيەتتە ئاسمىنىڭدا قۇش قانىتى ، توپاڭدا ئەرتا پىنى كويىدىغان تو ـ
مۈزنىڭ پىژ قىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە سـۈدىن بولەك ھەمرايىڭ ، ھەممە يەرنى ئـاق قار ، كوك
مۈز قاپلىغان قەھرىتـان قـىش كـۈنلـىرىـدە تـاشتـىـن بـولـەك ھـەمـرايـىڭـنـىـڭ يـوقـ
لىغىدىن ھـەتـتا ئەتـراپىڭدا ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ تـۇرمـايـدىـغـانـلـىـغـىـدىـن قـاتـتـىـق
زارلـىـناتـتـىـڭ. مـانا پـۈتـۈن خـەلـقـىـمـىـز شاتـلـىـقـتا تـولـغـان بۈگۈنكـى كـۈنـدە
سىنى ئەسىرلەر بويى تەڭلىكتە قويغان سۇ ئىلاھىنىـڭ تاناۋىنى ئوز قولۇڭدا تۇتۇپ ، ئۇنى ئوز
ئىختىيارىڭچە ئاققۇزۇۋاتقانلىغىڭ ، ئۇنىڭ بىلەن ئاخشىمى ئايدەك ، كۈندۈزى كۈمۈشتەك پاقىـ ـ
راپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز مەرۋايىتلارنى چاقنىتالىغانلىغىڭ ئۈچۈن كۆلۈۋاتىدىغانسەن ، يەنە
يوغان ـ يوغان لوم تومۇرلەرنـى مىنوت ئىچىـدە ئەينەكتەك تەكشىلەيـدىغان پولات بازغانلارغا ،
ئاپپاق پاختىلاردىن توز قانىتىـدەك رەڭـدار رەختلەرنـى توقۇيدىغان فابرىكىلار ، تونىلاپ ـ
تونىلاپ بۇغدايلارنى كوز يۇمۇپ ئاچقىچـە ئۇپىـدەك ئۇنغا ، ساپ ـ سىرىق شال ئۇنچىلىرىنى
ئاپپاق مەرۋايىتتەك گۈرۈچغا ئايلاندۇرىدىغان زاۋۇتلارنىڭ سىنىـڭ باغرىڭدىن ئىيقىـپ بارغان
نۇر دەرياسىنىڭ كۈچى بىلەن ھەركەتلىنىۋاتقانلىغىدىن ھوزورلىنىپ كۈلۈۋاتىدىغانسەن!

ئىيخ ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى ! سەن كۈلۈشكە پۈتۈنلەي ھەقلىقسەن . سىنىڭ كۈلـ
كەڭ ھەممىلا يەردە پولات سۈيى قىپ ـ قىزىـل دەريا بولۇپ ئاقىدىغان دومنا پىچلـەردە ، ئالى
دەرىجىلىك ھەر خىل رەخ توقۇيدىغان سىخلاردا ، بەڭۋاش سۇلارنـى ئاپتوماتىـك باشقۇرىدىغان
توما ـ تاقاقلاردا ، ئويىمىزدە ئولتۇرۇپ پۈتۈن ئالەمنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغان جاھاننامە
ئەينىگىدە ياڭرىماقتا .

ئىيخ، ئۇلۇغ ۋەتەن ! سىنىڭ تۇپرىغىڭ گويا بىر قامۇس ، ئۇنىڭـدا سىنـى گۈللەنـدۈرگەن
خەلقىمىزنىڭ ئىسىل ، شانلىق تارىخى يىزىلغان . مەن ئەشۇ قامۇسىنىڭ ھەر بىر ئالتۇن ۋارىقىـ
نى كورگۈنۈمدە،ئۇنىڭدىن مىڭ كىتاپلىق دەرس ئالىمەن . سەن ئۈچۈن يىپ ـ يىڭى بىر قامۇس
ياراتقىدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىمەن.

ئىيخ ۋەتەن! سىنىڭ قوينۇڭدا قانداقلا جايغا بارسـام ئۆزەمنى بىر گۈللۈك باغچىدا سايا ـ
ھەت قىلىۋاتقاندەك ، ئەتراپىمدا خۇشپۇراقلىق گۈللەر ئىچىلىۋاتقان ، بـۇلبۇلـلار سـايـراۋاتـ ـ
قـانـدەك سىـزىـمـەن . نـەگـىلا بـارسـام ئـوز يـۇرتـۇم ، ئـوز سـەپـداشلىرىـم بـار.

مەيلى بېيجىڭ، شاڭخەي، مەيلى تاڭشەن، تەيخاڭشەن بولسۇن ، مەيلى ئۇرۇمچى ، خوتەن ، ئىلى ، چوچەك بولسۇن ، ھەممىسى ئوخشاش ، ھەممىلا جايدا مېنىڭ دوستلىرىم بار ، ئۇلار سېنىڭ قوينـ-ۇڭدا ئەجداتلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ قەھرىمانلارچە ئالغا باسماقتا .

سېنىڭ تارىخىڭغا نەزەر سالسام ، سېنىڭ قوينۇڭدا ئازاتلىق ـ ئەرك ئۈچۈن ئۈچمەس توھـ-پىلەرنى قوشقان قەھرىمانلارنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن ، ئۇلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ، مەن ئۇلارنى ئەسلىگەندە، ئىلى خەلق باغچىسىدا چۈشكەن بىر پارچە سۈرەت ، يېزىۋالغان خاتىرىلىرىم ھەر ۋاقىت ئېسىمگە كېلىدۇ.

مەن 1980 ـ يىلى كۈز ، دولەت بايرىمى ھارپىسىدا « شىنجاڭ گېزىتى » ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى 10 نەچچە يولداش بىلەن بىرلىكتە يولداش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بىر قانچە ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدىم . 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا شانلىق خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ قەھرىمانلارنىڭ خاتىرە مۇنارىسىغا يېزىلغان ئەسلىمىلەر مېنى ۋە يولداشلارنى چوڭقۇر ئويغا سالدى ، تەسىرلەندۇردى . بىز خاتىرە مۇنارىسى ئالدىدا ئۇزاققىچە كۆز يېشى قىلىشتۇق ، مەڭگۈلۈك يادلاما سۈرىتىدە رەسىمگە چۈشتۇق . مەن ھازىرغا قەدەر خاتىرەمنى ۋا ـ راقلاپ كۆرگەندە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تۆۋەندىكى جۈملىلىرىنى يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ ئوقۇيمەن : "...... شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەجلىسىگە قاتنىشىدىغان بىرىنچى تۈركۈم ۋەكىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان ، ئىلى ، تارباغتاي ، ئالتاي ـ 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبەگ ، شىنجاڭـ-دا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش مەركىزى كېڭەش ئەزاسى يولداش ئابدىكېرىم ، مىلـ-لىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى دەلىلقان سۇگۇر بايوپ ۋە شىنجاڭدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتى خىزمەتچىسى لوزىلار 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان خەتەرلىكتە ئۇچراپ قۇربان بولدى ، بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىشتۇر " ، " ...... ئەخمەتجان باشلىق 5 نەپەر يولداشنىڭ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشىدا قەھرىمانانە كۈرەش قىلىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ ـ رىيىتىنى قۇرۇش خىزمىتىدە قۇربان بولغانلىقى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەبەدى خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ . يولداش ئەخمەتجان ، يولداش ئىسھاقبەگ ، يولداش ئابدىكېرىم ، يولداش دەلىل ـ قان سۇگۇر بايوپ ، يولداش لوزىلارنىڭ روھى ئەبەدى ياشايدۇ . " مانا ئەشۇ خىل ئۇلۇغ ـ ۋار سوزلەر بىزنىڭ قەلبىمىزدە قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ . بىزنى مەڭگۈ قەھرىمانلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ ، بىزگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ .

ئېيخ ۋەتىنىم جۇڭگو ! مەن سېنىڭ قوينۇڭدا دۇنياغا كۆز ئاچتىم ، يەنە سېنىڭ قوينۇڭدا كوزۇم يۇمىلىدۇ . سېنىڭ بەختىڭ ـ مېنىڭ بەختىم ، سېنىڭ شاتلىقىڭ ـ مېنىڭ شاتلىقىم ، سې ـ نىڭ بۈگۈنكى ئىللىق قوينۇڭدا بەختىيار ياشاپ تۇرغىنىمدا بۇ قىممەتلىك كۈنلەرنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى چۈشىنىمەن ...... سېنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك ، گۈللەنگەن ، زامانىۋىلاش ـ قان ئەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا بارلىقىمنى تەقدىم قىلىش ـ مېنىڭ ئالىي بۇرچۇم!

ئېيخ ۋەتىنىم ! سېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقباللىڭ نىمە دىگەن گۈزەل، پارلاق ـ ھە!

# ناخشا

(نەسر)

ئەنەيتۇللا قۇربان

مەن ئۇنىڭ مەيىن دولقۇنلاپ ئېقىشىنى باھار كۈنلىرىنىڭ سەلكىن شاماللىرىغا ئوخشىتىمەن. تېنىمنى ئۆزىنىڭ يېقىملىق قوينىغا بېسىپ ئەللىتىقىنىدا، مەن ئۇنى ئوتلۇق قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىغا ئوخشىتىمەن. مۇڭلۇق تۈنلەر قوينىدا نەلەردىندۇ ئۇچقۇندەك چاراسلىغان ئەنە شۇ ناخشىنىڭ يېقىملىق ئاھاڭلىرىنى يۈرۈكۈم بىلەن تىڭشىغىنىمدا، مېھرىبان ئانامنىڭ كوكسىدىن تەپچىۋاتقان ئاق سۈتلەر قېنىم بىلەن قوشۇلۇپ دولقۇنلاۋاتقاندەك سىزىمەن. ئېخ، ئۇ ھەر قېتىم يۈرەككە ئۇرۇلغاندا تەنلىرىم ئوت بولۇپ كويىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم مېنى ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئالغىنىدا، گويا ئانام مېنى قۇچاغلاپ سويىدۇ.

ناخشا، ئېخ ناخشا! سەن مېنىڭ مەڭگۈلۈك مەنىۋى ئانام!...

ناخشا!... مەن ھەر قېتىم بۇ يېقىملىق سوزنى ياد ئىلىغىنىمدا، گويا لەۋلىرىم ياپراقتەك تىترەپ، يۈرۈكۈم ھاياجان ئىلكىدە تىنماي دولقۇنلايدۇ. تېنىمسىز ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قانلىرىم، چاڭقىغان لەۋلەرگە كەۋسەر تامغاندەك، ئىنتىزار يۈرەكلەرنى شاتلاندۇرىدىغان ئەشۇ ناخشىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تومۇرلىرىمدا تىپچەكلەپ ئاقىدۇ. ئەنە شۇ ناخشا مېنىڭ تەنلىرىمگە، مېنىڭ ئوتلۇق ھىسسىياتىمنىڭ شام چىراقلىرىغا ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قولىدا ئوچمەس يالقۇنلارنى ياقىدۇ. ئېخ، ئۇ ئۆزىنىڭ شىپالىق قولىدا مىليونلار دىل چىرىغىغا ئوت يېقىپ، ھايات مەنزىرىسىنى تېخىمۇ يورۇتقان ئەمەسمۇ؟! يىتىملار يېشىنى، مەزلۇملارنىڭ يۈرەك دىغىنى، يوقسۇللارنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبىتىنى ئۇ ئەنە شۇ قولىدا يوق قىلغان ھەم قۇرۇتقان ئەمەسمۇ»!

مەن ناخشىنى سۆيىمەن. ناخشا! مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيۈپ ئېيتىمەن. ئالتۇن قوياش ئۆزىنىڭ سېخى نۇرلىرىنى يەر يۈزىگە چاچقان گۈزەل تاڭلاردا ھەم ئالەم يۈز گۈمبىزىگە سانسىزلىغان ئەختەر ـ چىراقلارنى ياققان جىم ـ جىت تۈنلەردە سەن ماڭا ھەمرا. گويا، يىراق ـ يىراقتا سوزۇلغان ئېرىقلار، ئويغاق ھەم قايناق تاغ سۈيى بىلەن شاۋ قۇنلۇق مەنزىرىگە چومۇلگەندەك؛ چوغدەك قىزىرىپ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ مەدھىيە گۈللىرى بىلەن شاتلىنىپ كۈلگەندەك، مېنىڭ يۈرىكىممۇ پەقەت سەن بىلەن ئويغاق دولقۇنلايدۇ. مېنىڭ سويگۈم، مېنىڭ ئېتىقاتىم، مېنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىم سېنىڭدەك ئاپادار نىگارىدىن ئەبەدى ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ غەيلەت ئۇيقۇسىنى ياڭراق ئۈنۈڭ بىلەن ئويغاتتىڭ؛ ئۇلارنىڭ

سەپەردىكى توسقۇن ـ خەتەرنى چاقماقتەك كۆيدۈردۈك؛ نىشان كورسۇتۇپ يېقىلغان مەشئەل بولدۇق... شۇڭا بىز ئىككىمىزنى ھەر قانداق كۈچمۇ ئايرىۋېتەلمەيدۇ. مەن سېنى يۈرەك قېتىمدا ساقلايمەن. سەن بىپايان دالالاردا، بولۇتسىز سامادا خوشال ئايلىنىپ يۈرگەندىمۇ، مېنىڭ سادىق يۈرۈگۈم ھامان سەن بىلەن بىللە...

ئەي ناخشا، سېنىڭ يۇمشاق لەۋلىرىمنى ئەركىلىتىپ، چەكسىز ھاۋا بوشلۇغىدا جاراڭلىغىنىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىگىمنىڭ، تەنلىرىمدىن يۇلقۇنۇپ، سېنىڭ بىلەن بىللە يىراق-يىراقلارنى كورۇش ئۈچۈن كىتىۋاتقىنىنى بىلگىنىڭدە، ئەنە شۇ ساڭا ھامىلدار يۈرەكنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى ئۈچۈن يەنىمۇ كۈچلۈك، يەنىمۇ يېقىملىغراق جاراڭلىماي تۇرالارسەنمۇ؟ ئاڭلا، ئېيخ ناخشا! ئەشۇ يۈرەك سېنىڭ مەڭگۈلۈك ئاناڭ. ئۇ سېنى تۇققان ئانا، ئۇ سىنى ئاققۇزغان بۇلاق، ئۇ سەن بىلەن بىللە بولىدۇ ھەممەۋاق! ئۇ سېنى ئالەم ئارا ياڭراتتى. سەن ئۇنىڭ شوھرىتىنى جاھانغا تاراتتىڭ؛ مانا شۇنىڭ بىلەن سەن تورەلگەن بۇ توپراق داڭلىق „ناخشا-ئۇسۇل ماكانى» بولۇپ قالدى. سېنى ياڭراتقان ئەنە شۇ بۇلبۇل كەبى خەلقىنىڭ گۈلۈستان بېغى بولدى. بۇ باغ مەڭگۈ خازان بولمايدۇ. چۈنكى سەن ئۇنى پەرۋىشلەپ، ياشنىتىپ تۇرىسەن.

ئېيخ ناخشا! مەن سېنى ھەر قاچان، ھەر جايدا ئۈچرۈتۈپ تۇرىمەن. سېنىڭ بىلەن مۇڭدۇشۇش، سېنىڭ بىلەن ئۈچرۈشۈپ تۇرۇش — بۇ مېنىڭ ئالى تىلىگىم. مەن ھەممىدىن كېچمەنكى، سېنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. چۈنكى سەنباش پاناسىز قالغىنىمدا ماڭا يول باشلىدىڭ؛ يوقسۇزلۇق دەردىدە قىسىلغىنىمدا، ماڭا روھى ئوزۇق بولدۇڭ؛ مەن ئېغىر كۈنلەر دەستىدىن ئوقۇشسىز قالغىنىمدا، ياتسىراتماي مەن بىلەن ھەمنەپەس بولدۇڭ. سەن سويگۇ ئىشقىدا دولقۇنلىغان دىلىمنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، كىنىدىك قېنىم سىڭگەن دىيارغا بولغان مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمنى ياڭراتتىڭ. شەھلا كوزۇمدىن يالىنچىغان نۇر بولۇپ، گۈزەل ۋەتىنىمنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تويماي باققىنىمدا، ۋەتەن دەپ يارالغان غەزەلخان تىلىمنى مەدھىيە كۈيلىرىگە سايراتتىڭ. ئەي دىلدىشىم ناخشا، شۇڭا مەن سېنى قانداقمۇ سويمەي تۇرالايمەن. ئېيتقىنا، سېنى بىرەر قېتىم ياڭراتمىغان، سېنى بىرەر قېتىم ئۈچراتمىغان كونۇمنى ھاياتسارىيىمغا بىر تىزىلغان خىش دەپ ھىساپلىيالايمەنمۇ؟!

لېكىن ھەممە جايدا تەتۈر قۇيۇن ھۇۋۇلىغان ئەشۇ جۇدۇنلۇق كۈنلەردە، بىر قىسىم ھازازۇللار ئىككىمىز ئارىسىغا سېپىل سوقۇپ، سېنى ھەر دائىم يادلاپ تۇرىدىغان تىلىمنى بوغۇشقا ئۇرۇندى. ھەتتا، غەزەلخان تىلىمنى كەسمەكچى بولدى. ئەمما مەن، سېنى يادلىماي تۇرالمايدىغان ئادەم، سېنى ئېيتماي تۇرالايمەنمۇ؟! مەيلى ئۇلار تىلىمنى كەسسىمۇ كەسسۇن، سېنى دىلىمدا، يۈرىگىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يادلايمەن؛ سېنىڭ رېتىمىڭغا تەڭكەش بولۇپ، تىترەپ تۇرغان ھەربىر بارماقلىرىمدىن سېنى سېزىمەن؛ سېنىڭ دوستلارغا مۇھەببەت، رەقىپلەرگە نەشتەر قامىتىڭنى كوزۇم ئارقىلىق، كوزۇمدىكى نۇرلار ئارقىلىق ھەر تەرەپكە چاچىمەن! دېدىم. مانا بۇ مېنىڭ شۇ چاغدىكى ئەقىدەم ۋە ئىرادەم ئىدى. شۇڭا مەن ئۇلاردىن قورقۇپ قالمىدىم. مەن سېنى ئېيتتىم، قاراڭغۇ، زەي گەمىلەردە؛ تومۇر تاقاقلىق پەنجىرىلەر ئالدىدا، سويۇملۇك دالاغا، نۇرلۇق قۇياشقا تەلمۈرۈپ سېنى ياڭراتتىم. سېنى خەنجەر قىلىپ قاراڭغۇ تۈنىنىڭ كوكرىگىنى تىلدىم. سېنى قورال قىلىپ، ئەشۇ ھازازۇل، يالماۋۇزلارنىڭ يۈرىگىنى خۇن قىلدىم.

ئاھ ناخشا، ئەنە ئەشۇ چاغلاردا، سېنىڭ گۈزەل ھوسنۇڭنى“سېردىق”دېيىشكەنلىرىدە، مەن نەقەدەر ئازاپلاندىم، نەقەدەر غەزەپلەندىم - ھە، بىلەمسەن؟! مېنىڭ تىلىم سېنىڭ يېقىملىق گەۋدەڭنى سېردىق دېيىشكە قانداقمۇ چىدىسۇن، قانداقمۇ بارسۇن؟! چۈنكى سەن مېنىڭ چوغدەك يۈرۈگۈمدىن بالقىپ چىقىپ، يۇمران لەۋلىرىمنى تىترىتىپ، گۈزەل ۋەتەنىمىنىڭ بىپايان ۋادىلىرىغا تارالغان تۇرساڭ؛ ئېلىمىزنىڭ چىمەنزار ھوسنىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئەشۇ يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يارالغان تۇرساڭ، تومۇر سايان ئاققان قىپ - قىزىل قانلار بىلەن تەڭكەش بولۇپ، مېنىڭ زەئىپ تېنىمنى، مىسكىن چېھرىمنى چەكسىز خوشاللىق ئىلكىدە ئوينىتقان تۇرساڭ يەنە مەن سېنى قانداقمۇ ” سىردىق “ دەي، قانداقمۇ... بىزاق، بەزى نەزىرى تارشەخسى مەنپەئەتپەرەس كىشىلەر ئالا-تاغىل تۇۋلۇشۇپ، ئۇزلىرىنىڭ قەبىھ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى سەن ئارقىلىق قاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، سېنىڭ پاك ھوسنۇڭگە داغ تەككۈزدى. لېكىن مەن، قانداقمۇ ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ پەسكەش ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇسنى سېنىڭ پاك ھوسنۇڭ، تاغ سۈيىدەك جاراڭلىق كۈيىڭ بىلەن تەڭلەشتۈرەي؟

سويۇملۇك ناخشا، ۋەتەن يۈزى ئاجايىپ جۇلالانغان باھار كۈنلىرىدە، مەن سېنى تېخىمۇ سويۇپ ئېيتىدىغان بولدۇم. مىليونلىغان ناخشىۋاز خەلقنىڭ ھايات ھەم كۈرەش قاينىملىرىدىمۇ سېنىڭ يېقىملىق ياڭراۋاتقانلىغىڭنى ھەر دائىم ئاڭلايدىغان بولدۇم. ئەنە، بىپايان ئالتۇن دېڭىزدا يەلكەن بولۇپ ئۈزگەن ئىشچان قىز - يىگىتنىڭ قامەتلىك تېنىدىن سىماپ تەر بولۇپ، بەركەتلىك يەرگە تېمىپ تۇرغانلىغىڭنى كورۈۋاتىمەن. پاختىكار قىزلارنىڭ خۇمار كوزلىرىدىن كومۈشتەك پاختىلارغا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقانلىغىڭنى كورۈۋاتىمەن. ئەنە چوپاننىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ، مەخمەلدەك يايلاقتا غەزەلخان قۇشلار بىلەن بەسلەشكىنىڭنى؛ قارلىق چوققىلاردا، پولات مىلتىقنى چىڭ قامالاپ، ۋەتەن چېگرىسىنى يات قۇزغۇنلاردىن ساقلاپ تۇرۇۋاتقان جەڭچىگە گۈزەل ۋەتىنىنى، ۋەتەن خەلقىنى كورسەتكىنىڭنى؛ گۈرۈلدەپ كويۈۋاتقان يالقۇنلار ئالدىدا، قايناق ئەمگەك قوينىدا كۈرەش قىلىۋاتقان ئىشچىغا؛ ئوزىنىڭ شامۇ - سەھەرىنى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئوتكۈزىۋاتقان زىيالىغا ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسىنى ئەسلەتكىنىڭنى كورۈۋاتىمەن. ئېيخ ناخشا، ھەر قاچان، ھەر جايدا جاراڭلىغىنىڭدا مەن سېنى سۈيۈپ ئاڭلايمەن؛ سېنىڭ بىلەن خوشال ئۇچرۇشۇپ تۇرىمەن.

ئۇلۇغۋار ۋەتەنىنىڭ بۇزىدىكى قان داغلىرى شىپالىق يامغۇرلارنىڭ سىماپتەك سۈزۈك تامچىلىرىدا يۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلارلىق ھوسنى تېخىمۇ گۈزەللەشكەندە؛ تاڭ بىلەن تەڭ گۈرۈلدەپ چىقىۋاتقان باھار شامالىرى ۋەتەن ئاسمىنىدىن قارا بۇلۇتلارنى سۈپۈرۈپ قوغلاپ، زەڭگەر ئاسماندا ئوزىنىڭ سېخى نۇرلىرىنى ھەريانغا چېچىپ تۇرغان ئالتۇن قۇياش قار ئاستىدا كومۈلۈپ ياتقان گۈلنىڭ روخسارىنى كۈلدۈرگەندە، ئەي دىلكىشىم ناخشا، سەنمۇ شۇ چاغ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىنىڭ گۈزەللىگىگە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قەدەم قويغان بۇ ئالتۇن زامانىمىنىڭ ئەۋزەللىگىگە تېخىمۇ جاراڭلىق، جەڭگىۋار كۈيلىرىڭنى ياڭراتماي تۇرالارسەنمۇ؟!...

ياڭرا! ئەي يېقىملىق ناخشا، يەنىمۇ قاتتىقراق ياڭرا! قېنى، ھەيۋەت دولقۇنلار، ئاجايىپ گۈلدۈرمامىلار سېنىڭ يېڭى سەپەر قوينىدىكى جاراڭلىق سادالىرىڭغا تەڭ كېلەلەمدىكىن!؟ ياڭرات! كۈرەشچان كۈيىڭنى ياڭرات! قېنى، تۈندەك قارا بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى تىلغان ئالتۇن بىسلىق چاقماق سېنىڭ تىل ئىزھارى يەتكۈسىز ئوتكۈر بىسلىرىڭ بىلەن تەڭلىشەلەمدىكىن؟! ياڭرا، سېنىڭ مەڭگۈ جاراڭلايدىغان باھار پەسلىڭ ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى.

# مەسەللەر

مۇھەممەت ئىمىن

## چىغان بىلەن كىرپىچان

— ھەي كىرپىچان، بۇ ياققا كەلسەڭچۇ! — دېدى چىغان ئۆزىنىڭ يېنىدىن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان كىرپىچاننى كۆرۈپ، — يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ كەتتىم. قوينۇمدىن ماكان تۇتۇپ ماڭا ھەمراھ بولۇپ قالساڭ بىللە ئويناپ كۈلەتتۇق. ئىچىمىزمۇ پۇشمايتتى!

— قىزىقكەنسەن، — دېدى كىرپىچان چىغاننىڭ بېشىدىن — ئايىغىغىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاغزىنى ئۇشلاپ، — ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۈستىۋېشى غۇچچىدە تىكەن تۇرسا، قانداقمۇ بىر بىرىمىزگە يېقىنلىشالايمىز؟!

## ئاچكوز چورتان

ئاچكوز چورتان بېلىق تەگتۇشلىرىنىڭ: "ئۇ دېگەن قارماقتىكى يەم، يېقىن بارما!" دېگەن گەپلىرىنى "قىزغىنىۋاتىدۇ" دەپ ئويلاپ، تاقىلداۋاتقان نەپسىنى باسالماي سازاڭنى كاپ قىلىپ چىشلىۋىدى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە پىلتىڭگىدە قىرغاققا چورۇپ تاشلاندى. چوغدەك قىزىق ئاپتاپتا دىمى قىسىلىپ ئۆلۈم گىرداۋىغا يېقىنلاشقان بىچارە چورتان بېلىق ئاڭلىنار — ئاڭلانماس پىچىرلىدى:

— مەندىن ئىبرەت ئېلىڭلار خالايىق! ھەر قانداق ئاچكوز جانىۋار ئاخىرى بۇرنىدىن ئىلىنماي قالمايدىكەن!

# قىزىل ئالما بىلەن سۇۋادان تېرەك

شاخلىرىنى كوتىرەلمەي قالغان قىزىل ئالـ
ما باغ تېشىدىكى ئاسمان پەلەك بوي تارتىپ
ئۆسكەن سۇۋادان تېرەككە دىدى:

ــ ھەي ئۇزۇنتۇرا، ئېيتقىنا، سەندەسولەتـ
تىن باشقا نىمە بار؟ مىۋەڭ يوق دىگەندىمۇ،
كارغا كەلگىدەك بىرەر نىمەڭ بولسىچۇ، كاشـ
كى! خۇدا ساڭا بەرگەن شۇ بويىنى ماڭا بەرـ
سىچۇ، ئىسسىت!

ــ ھەر نەرسىنىڭ ئوزلايىقىدا بولغىنى
ياخشى،ـدىدى قاشا بويلۇتۇپ تىكىلگەن جىگـ
دىلەردىن بىرى سۇۋادان تېرەكنىڭ لام ـ
جىم دىمەي تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ـ سىزنىڭ
بويىڭىزمۇ سۇۋادان تېرەكتەك بولغان بولسا،
ئىھتىمال، كىشىلەر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي
ماختىشىپ يەيدىغان مىۋىڭىز بولمىغان بولار
ئىدى...

ــ سەن نىمىنى بىلىسەن! ـ دىدى قىزىل
ئالما ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ مەغرۇرانە ھالـ
دا، ـ ئەگەر مېنىڭ بويۇم ئۇنىڭچىلىك بولـ
سىچۇ، مىۋىلىرىم ئالەمگە سىغماي "يەمىسەـ
ياق" بولۇپ كەتكەن بولاتتى!

سۇۋادان تېرەكنىڭ مىيىقىدا كۇلۇپ قويـ
غانلىقىنى كورگەن قىزىل ئالما ئوزىنى باـ
سالماي قايناپ كەتتى:

ــبىر نان تاپساداپ چالىدىغان ئادەملەرگە
ئوخشاش غۇر ـ غۇر شامال چىقا ـ چىقمايلا
تەڭگەڭنى جىرىڭلىتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىـ
غان ھالىڭغا نىمانچە گىدىيسەن؟ "ھالىڭغا بېـ
قىپ ھال تات،خالتاڭغا بېقىپ تۇن" دىگەن
گەپ بار، ئاغىنە! نىمەڭگە كۇلىسەن؟

قىزىل ئالمىنىڭ بارغانسېرى ئوزىنى بىلـ

مەي ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئوغىـ
سى قاينىغان بايىقى جىگدە زەردە بىلەن دىـ
دى:



ــ سىز ئىنسانلارغا ھەر يىلى لەززەتلىك
مىۋىڭىزنى بېرىسىز، بۇ مەدھىيىلەشكە تىگىشلىك،
ئەلۋەتتە! لېكىن بۇنىڭغا كەمتەرلىك بىلەن
توغرا مۇئامىلە قىلماي، مەدھىيە ساداسىدىن
خۇدىڭىزنى يوقۇتۇپ، ھېچكىمنى كوزگە ئىلـ

ماس بولىۋالسىڭىز قانداق بولغىنى ؟ ! بايا سۈۋادان تېرەك ئاكىنى تىيىنىغا ئەرزىمەس قىلىپ كورسەتتىڭىز، ئۇنداق بولسا ئوزىڭىز ئۆنىڭ ئورنىغا ئوي - ئىمارەتلەرگە تۈۋرۈك ، خا بولۇپ بېقىڭا قېنى، قوۋۇرغىڭىز ئوشتۇلۇپ كەتمىگىنىنى كورەي!...

بۇ يەرلەرنى ئويلاپ كورمىگەن قىزىل ئالما خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە قاراۋالدى.

## قانتى بوغۇچلانغان كەپتەر

كەپتەرۋاز كەپتىرىنىڭ قانتىنى بوغۇچلاۋىتىپ دىدى:

— ئەي مېنىڭ جېنىمدىن ئەتىۋا كەپتىرىم، قارىغىنا، ئاسمان نەقەدەر بىپايان، نەقەدەر سۈزۈك - هە! بۇگۈندىن ئىتىۋارەن مەن ساڭا تولۇق ئەركىنلىك بەردىم، ئەشۇ زۇمرەتتەك كوكتە خالىغىنىڭچە پەرۋاز قىل، ئەمدى ئەركىنلىگىڭگە هېچقانداق چەكلىمە قويمايمەن!

كوزلىرىدىن ئاچچىق ئەلەم يېشى تامچىلاۋاتقان كەپتەر مىسكىن ئاۋازدا ئېيتتى:

— ئەي ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن " شاپائەتلىك» ئىگەم، هىممىتىڭگە رەخمەت! ئەماشۇنى ئويلاپ باقمىدىڭكى، قانتى بوغۇچلانغان كەپتەرگە ئۇنداق " ئەركىنلىك " نىڭ نىمە هاجىتى؟!

## ئانا كىرپە بىلەن بوز تورغاي

بالىسىنىڭ تاۋۇزچى كولاپ قويغان ئورىغا چۈشۈپ كەتكەنلىگىدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن ئانا كىرپە كوزيېشىنى يامغۇردەك توكۈپ نالە - پەريات قىلدى:

— ۋاي ئىسست بالام، يۇمشاق بالام، قەندەك بالام، ئوخۇشۇڭنى ئوقۇماي بۇ يەرگەنەمە ئىش قىلغىلى كەلگەن بولغىدىڭ؟

— بۇنى ئوزىڭىزدىن سوراڭ، - دىدى كوكتە لەرزان سايراۋاتقان بوز تورغاي تۆۋەنگە قاراپ، - بالىڭىز دەسلەپتە يولدىن تېپىۋالغان بىر تال تاۋۇز ئۇرۇغىنى كوتۈرۈپ كىرگەندە، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئەقىللىقلىغىنى ماختىغانتىڭىزغۇ، بۇنىڭدىن روهلانغان كىرپىچاق پات - پات ئۇنى - بۇنى ئۇۋۇسىغا توشۇيدىغان بولىۋالدى. سىزمۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويماي پەشانىسىگە سويۈۋەردىڭىز، ئاخىرى ئۇنىڭ يۈرىگى يوغۇناپ، تاۋۇز ئوغۇرلايمەن دەپ ئوزىنى هالاك قىلدى!



— ھە؟... — ئانا كىرپىنىڭ پۇت - قولىدا مادار قالماي لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، — ئەسلىدە ھەممە سەۋەنلىك ئوزەمدە ئىكەن-دە! نېمىشقا بالدۇرراق سەزمىگەندىمەن؟

— " ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن " دېگەندەك، ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى بوز تورغاي مەسخىرە قىلىپ.

— سىزمۇ - زە، — ئانا كىرپە كوز يېشىنى سۈرتۈپ بوز تورغايغا ئالايدى، — " ئولگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇغىچە " بۇرۇنراق ئاگاھلاندۇرۇش بەرسىڭىز بولماسمىدى؟!

## قىزىل گۈل بىلەن كېپىنەك



— قانداق، ئۇسسۇلۇم كوڭلىڭىزگە ياقتىمۇ؟ — گۈلزارلىقتا ئۇياندىن بۇيانغا پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرۈپ ھېرىپ قالغان كېپىنەك ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن قىزىلگۈل بەرگىگە قوناۋېتىپ سورىدى.

— ياقتى، — دېدى قىزىلگۈل تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇنداق بولسا، مېنى ياخشى كورەمسىز ياكى غۇڭۇلداشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھەسەل ھەرىسىنىمۇ؟

— ھەسەل ھەرىسىنى.

— ھەسەل ھەرىسىنى؟ — ھەيران قالغان كېپىنەك كوزلىرىنى يوغان ئاچتى، — ئۇ سىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭىزنى تەپ تارتماي كۈندە پې-

تىغلاپ، قۇۋۋەتلىك شىرنىلىرىڭىزنى يىغىۋېلىۋاتسا، يەنە ئۇنى ياخشى كۆرگىنىڭىز قانداق گەپ؟

— ھەر نەرسىنىڭ قىممىتى باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلالىشىدا كۆرۈلىدۇ، — دېدى قىزىل گۈل بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — مەن ئۆزەمنىڭ شىرنىلىرىمنى ھەسەل ھەرىسىگە تەقدىم قىلالىغانلىقىمدىن خۇشال. ھەسەل ھەرىسى بولسا جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن شىرىن ھەسەل ياساپ ئىنسانلارغا تەقدىم قىلالىغىنىدىن خۇشال. ئەگەر سىزمۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆز كۆڭلىڭىزنى خوش قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، ئاز-تولا ۋاقتىڭىزنى قۇربان قىلىپ، ھالال ئەمگىكىڭىز بىلەن باشقىلارغا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزگەن بولسىڭىز، مەنمۇ سىزنى خۇددى ھەسەل ھەرىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن بولاتتىم!

## سوقۇشقاق چوجە خورازنىڭ ئاقىۋىتى

مىكيانىنىڭ: " بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار، باللىرىم، ئىتتىپاقلىق — كۈچ!..." دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرغىنىغا قارىماي، چوجىلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرسى سوقۇشقاق چىقىپ قالدى. ئۇ بىردەم ئاكىسىنى پەشۋالىسا، بىردەم ئىنىسىنى چوقۇلايتتى، سىڭىللىرىنى بوزەك ئېتىپ ئارام بەرمەيتتى. ھەرقانچە قىلىپ ئۇنى ھېچ ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەن مىكيانىنىڭ بېشى بەكمۇ قاتتى.

بىر كۈنى سوقۇشقاق چوجە خوراز ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ قۇۋمى — قېرىنداشلىرىنى پۇخادىن چىققىچە قاخشىتىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم نوچىلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن قانات قېقىپ پاكار تام ئۈستىگە چىقىۋالدى:

— قېنى قايسىڭ مەن بىلەن تەڭ كېلەلەيسەن؟ يامان بولساڭ مەيدانغا چۈش! ئاكاڭ قارىغاي...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە — تۈگمەستىنلا قاياقتىندۇر بىر سا ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ غادىيىپ تۇرغان سوقۇشقاق چوجە خورازنى قاماللىدى — دە، ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلدى.

سانىڭ ئاممۇردەك چاڭگىلىدا دىمى سىقىلىپ كېتىۋاتقان بىچارە چوجە خوراز ئۆزىنىڭ قىلمىقىغا پۇشايمان قىلىپ، " مەندىن ئىبرەت ئېلىڭلار! " دېمەكچى بولدى — يۇ، لېكىن ئاۋازىنى چىقىرىشقا مادارى يەتمەي قالدى.

( قىستۇرما رەسىملەرنى ئەلى ھاشىم سىزغان)

# شېئىرىيەت گۈلزارى

## شېئىرلار

ئۈچقۇن

### شەپقەت سىماسى

(يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

قارا قىش ،
جېڭگاڭشەن باغرىدا كوك مۇز،
ھۆۋلايتتى شىۋىرغان ، قۇترايتتى جۇدۇن.
جەڭچىلەر راستلىغان گەمە ئۆيلەردىن
ئاسمانغا تولغۇنۇپ ئورلەيتتى تۈتۈن .

ئەل ياتقۇ ،
ھەممە جان ئۇيقىغا كەتكەن ،
چۈشمەكتە لەپىلدەپ ئاق كومۇچ چېچەك .
ئەندىكى ياپ - يېشىل كاككۇك گۈللىرى ،
كوزيۇمۇپ ئاچقىچە كەيدى ئاق يەكتەك .

بىر چەتتە گەمە ئۆي ،
سۇنۇق پەنجىرە ،
ھەر ئاخشام پىلىلداپ ياناتتى چىراق .
ئوت كويگەن بولسىمۇ لۈكزىدا شۇدەم ،
ئۆي ئىدى ئىللىمان ، ئىسسىماس بىراق .

تۇراتتى بىر ئەپلىك سۇپا يېنىدا ،
بامبۇكتىن ياسالغان يېزىق شىرەسى .
گىگانت بىر ئادەم كورەر خەرىتە ...
يۈك قەلەم ، دۈۋىتى ئۇنىڭ ھەمراسى .

كوز قىرى بەتلەردىن - بەتلەرگە كوچەر ،
ئۆي - پىكىر ، خىيالى ئاگا مۇجەسسەم .
ئېيتقىنا شۇ كىشى توڭماس نىمىشكە ؟
نىمىشكە ئۇخلىماس بولسىمۇ نى كەم؟

تەپەككۇر كېمىسى ئۈزەتتى ئۇزاق ،
ئۈزەتتى ئىس - تۈتەك قاپلىغان تاغدا .
ئۈزەتتى خەتەرلىك قىيالار ئارا ،
ئۈزەتتى ئۈمىتنىڭ بوستانى - باغدا .

ئۈزەتتى ھۆجۇمچى قوشۇننى باشلاپ ،
ئۈزەتتى يامغۇردەك ئوقلار ئىچىدە.
كوز ئاچتى ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ پىلانى ،
ئۈچقۇنى يانغىنداپ ئەشۇ كېچىدە ...

توساتتىن " غىچچىدە " ئېچىلدى ئىشىك،
تالادىن بىر بالا كىردى گەمىگە.
تۇراتتى قولىدا ئەپچىل بىر سوۋەت،
يەتمەكچى بولغاندەك كىشى دەردىگە.

بېشىنى كوتەردى شۇ گىگانت ئادەم:
" بۇ كىمدۇ ؟ قانداقچە بولغانكىن پەيدا؟ "

—ماۋۋىيۇەن، مەن سىزگە ئەپكەلدىم كومۇر،—
پاھ! بۇندىن ئارتۇقچە مۇھەببەت قايدا؟

ھاياجان ئۇركەشلەپ نۇرلۇق قەلبىدە،
گىگانىت ئادەمنىڭ تىترىدى لىۋى.
بىردىنلا كوز تاشلاپ بالىغا شۇ چاغ:
— شا كىچىك، كىيىمىڭ يىلىڭكەن، —دېدى.

ئويلىدى بىر ئىشنى چاقماق تېزلىكى،
ئۇۋسنەلدىن چاپاننى ئالدى قولىغا.
كەيگۈزدى،
چېھرىدە ئاتىلىق مېھرى،
—ياخشى!
دەپ زوق بىلەن ئۇردى دولىغا.

" رەخمەت " تىمن باشقىغا كەلمىدى تىلى،
قۇچقاندا بالىنى ئوتلۇق ھارارەت،
شاتلىغى پەرۋاز قىپ قىيان ياسىدى،
ۋەتەننىڭ بەختىدىن سەزگەچ بىشارەت...

" ماۋۋىيۇەن پاختىلىق كىيىم بىرىپتۇ!"
بىردەمدە خەۋەرنى ئەپقاچتى شامال.
ئەپقاچتى ئاق لىباس كەيگەن دالا — تۈز،
ئەپقاچتى ئاق توشقان، بۇغا ھەم مارال...

ئويلىدى شا كىچىك: " بىزنىڭ ماۋۋىيۇەن،
نەقەدەر كويۇمچان، شەپقەتى چوڭقۇر.
دىمەككى، ئۇمىت بار قىزىلبايراقتا "
چولغىدى قەلبىنى ئالەمچە غۇرۇر.

## شۇڭا، ئادەم دىمە

ئانىجان، كوز ئاچقاندا سۇبھى ئىچرە،
قوينۇڭدا توكۇلدى ساپ كىندىك قېنىم.
(تاشلارمۇ چۇشكەن يەردە ئىزىز ئىكەن)
" ئانا" دەپ تۇنجى قېتىم چىقتى تىلىم.
ئوز يۇرتىنى ئۇنۇتقاننى ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە ، پەرقى نىمە؟

بوۋامۇ ئامراق ئىدى گۇل — چىمەنگە،
دادامۇ ئۇژمە تىكىپ، ئەنجۇر قويغان.
يېڭىدە جىلۋىلەنسە چىمەن دوپپا،
بەلچىدە تام — تورۇسقا نەقىش ئويغان.
گۈزەللىك رەقىبىنى ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىنھە، پەرقى نىمە؟

جانانىم تاغلاردىكى بەرگى قىياق،
بايلىقىم، چاقناپ تۇرغان ئالتۇن تاۋاق.
خۇمارى ئەجداتىمنىڭ بۇلبۇلگويا،
ھىجراندا پەرھاتلىرىم مەڭگۇ ئويغاق.
مۇھەببەت قوزغىنىنى ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نىمە؟

ياش ئىدىم، ئېقىل تاپتىم، بولدۇم رۇستەم،
ۋە لېكىن، دەيمەن ھەممە باپ — باراۋەر.
مىللەت — ياخشى — يامانغا ئەمەس بەلگە،
ئىززەتكە ئەجرى كوپلەر ھەق، سازاۋەر.
غۇرۇرسىز، كۇشەندىنى ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نىمە؟

ھاياتلىق — دولقۇنلىنۇپ ئاققان دەريا،
بەختنىڭ مەنىسىدۇر تەك قىيالار.
كىمىكى شۇڭغۇپ يۇرۇپ دۇررى قازسا،
خوش بولۇر ئوتكەن ئەجدات، ئەۋلىيالار.
ھوققۇقتا تاماخۇرنى ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نىمە؟

بەزىلە ئەمەلنى دەپ يالار تاپان،
سوكسوكنى ئەترە دەيدۇ يېپىپ چاپان.
چاك كەتتى قانچىلاپ رەت قاداق تەخسەك،
ئۇچ قىرلىق، ئىككى بىسلىق، تىكەن ـ ئازغان.
ئەقىدە بۇلغۇغاننى ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نىمە؟

دۇنيادا چىرايلىق ئات ـ نامۇ كوپتۇر،
كورگەن بىز ئەلمىساقتىن جىق مىسالنى.
مەرۋايىت بولالمايدۇ بىلىق كوزى،
چىناركەن دەيدۇ كىمىمۇ چوپ ـ پاخالنى؟
خىسلىتى ۋابالارنى ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نىمە؟

ھوپۇپىمۇ قارىماققا ئوز، چىراي قۇش،
ۋە لېكىن، ئاكا ھىچكىم قىلماس ھەۋەس.
تىلى بىلەن دىلى ئەگرى ناكەسلەردىن،
ھەزەر ئەيلە، ئوز ئىشىڭدا بولغىن پەخەس.
كۇيچىمەن ـ دەپ نىقاپلانسا ئادەم دىمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نىمە؟

## ئـانارغا باقسام

ئالتۇن كوز، تاڭ سەھەر بېغىم ئارىلاپ،
ساپ، پاكىز ھاۋادىن ئالىمەن نەپەس.
ئوتكەن يىل ئوستۇرگەن ئانار دەرىخى،
قوزغىتار قەلبىمدە ئالەمچە ھەۋەس.

شاخلىرى باراقسان، ئىگىلگەن يەرگە،
چوغ كەبى تاۋلىنار گۇلى ـ چېچەكى.
دىماقنى يارغىدەك گۇپۇلدەپ مىزىلىك،
پۇرايدۇ بۇرنۇمغا باغنىڭ ئىتىگى.

شاخ ـ شاختا ئانارلار تۇرغان ساڭگىلاپ،
كوردۇمكى ياپراقتىن ئانىرى تولا.
قىپ ـ قىزىل ياقۇتتەك ھەر بىر دانىسى،
مەن، ـ دەيدۇ، ـ بىردىن ـ بىر يۇرەككە داۋا.

تەپەككۇرلاچىنىم قىلىدۇ پەرۋاز،
بېغىمدا ئوخشىغان ئانارغا باقسام.
جان خەلقىم ئوستۇرگەچ مىنى ئانارىدەك،
تويمايمەن يېنىشلاپ مەڭزىنى ياقسام.

ئەل بىلەن چوللەرنى قىلدىم گۇل ـ چىمەن،
ئەل بىلەن تاپتىم مەن ئىقبال ـ پاراسەت.
چاڭقىسام، ئەل بەرگەچ تەشنالىق سۇيى،
يىلتىزىم چوڭقۇرلاپ باردى داۋامەت.

بەرق ئۇرۇپ، چېچەكلەپ ئوسۇۋاتىمەن،
ۋە لېكىن، بەرگىنىم تېخى ئاز مىۋە.
ئوخشايمەن پوستىنى يارغان ئانارغا،
ئەل بىلەن ئەزەلدىن ھوزۇرىم بىللە.

مەن شېئىر ـ نەزمەمنى پۇتىمەن تىنماي،
ئانارمۇ ئاز كۇندە يېتەر ۋايىغا.
ئـانارنىڭ پىشقاندا"يېرىلىش روھى"،
تالىقتۇر ئەل سۇيگەن باتۇر بالىغا.

# خەلقىم ئەسلەيدۇ

( مۇسەللەس )

ـ ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىغا بېغىشلايمەن

ئەي مۇقامچى تۇردى ئاخۇن نەغمىمىزدە سەن ئۇزەك،
گۈللىنىشىنىڭ ھەر قەدىمى ـ پەللىمىزدە سەن ئۇزەك،
سېغىنىپ يازساق شېئىرلار قەلبىمىزدە سەن ئۇزەك.

ئۇتتى ئۆمرۈڭ ساز ـ مۇقامغا بىر ئۆمۈر مەپتۇن بولۇپ،
ۋە لېكىن، قوزغۇن ساڭا باسماق قۇرۇپ سالدى قۇلۇپ،
تارىسىدا ياش دېغى ـ نەم، دەردىمىزدە سەن ئۇزەك.

تاڭ نۇرىنىڭ ئاپتىۋىدىن بولغىنىڭدا بەھرىمەن،
ساز ـ مۇقامىڭ كۈيلىرىدىن ياپىرىدى دىل، گۈل ـ چىمەن،
بىللە بولدۇڭ جەۋرىمىز ھەم بەختىمىزدە سەن ئۇزەك.

كەلدى ئۇغلۇڭ ئىجتىھاتىنىڭ كەڭ يولىدا ئىز بېسىپ،
سەن چىلىپ ئۇتكەن ساتارغا بولدى تەڭكەش داپ چېلىپ،
تىكلىدىڭ تاغدەك نەمۇنە، دەۋرىمىزدە سەن ئۇزەك.

سەن ئېلىپ كەلدىڭ مۇقامنى پارتىيەمنىڭ ۋاقتىغا،
سەن بىلەن يارقىن مۇقام ئېلىندى سىمغا ـ لىنتىغا،
قىممىتىنى ئۇلچىسە ئەل، ۋەزنىمىزدە سەن ئۇزەك.

ئۇستى شۇندىن يەر ـ جاھاندا بۇ مۇقامنىڭ ئىززىتى،
پەن ـ ھۇنەر، سەنئەت بېغىمنىڭ چىقتى نامۇ ـ شوھرىتى،
مىللىتىمنىڭ تاجۇ ـ تەختى، خەزنىمىزدە سەن ئۇزەك.

قول تۇتۇپ كەلدىڭ ئۇزۇندىن بىت خۇۋۋىن، نېپى ئېر بىلەن،
شۇل سەۋەپ پاك مېھنىتىڭدىن ماختىنار غالىپ ۋەتەن،
پاقىرايسەن خۇددى ھۆكەر، غەلبىمىزدە سەن ئۇزەك.

شوخ مۇقامىنىڭ نامى بىلەن باغلىنىشلىق نام ـ ئىپتىك،
دىل قېتىگە چىك چېكىلدى ئەلگە قىلغان خىزمىتىڭ،
مەڭگۈ ئۆلمەيسەن، ناماياں قەترىمىزدە سەن ئۆزەڭ.

## يانغان „تـەقدىر„

„ ئىسيانچى» ئاۋازى يوقالدى بىردىن،
كورمۇدۇم، خىلىلا بولدى ئۆزۈن كۈن.
ئۆيىدە ئازاپتىن يىتىپ قاپتۇ ئۇ،
„ كويدۇرگە » كىيسەلكەن ئۇقسام مەن بۈگۈن.

ئۇ، ئاپەت يىللىرى چايان سۈپەتلىك،
چىقارغان مۇش بىلەن شۇم، تەتۈر قۇيۇن.

نەچچىلەپ بىگۇناھ قېرىنداشلىرىم،
بولغانتى ئۇنىڭغا بىر تەپكۈچ ـ ئويۇن.

„ تووۋا!» دەپ ياقامنى تۇتتۇم قولۇمدا،
„ تەقدىر» نىڭ بۇ نىسىپ ـ كارامىتىگە.
كىمىكى „كويدۇرگە » بولسا ئۆزگىگە،
قالاركەن „ كويدۇرگە » ـ كاساپىتىگە.

# شېئىرلار

جېلىلى

## دەۋرانىم گۈزەل

(مۇخەممەس)

ئانىجان جۇڭخۇا ئېلىمىنىڭ بەختى ــ دەۋرانىم گۈزەل،
شۇ بەخت نۇرىغا چومگەن باغۇ ـ بوستانىم گۈزەل،
باغ ئارا بولبۇل سۈپەت خۇش كۈلكە ـ خەندانىم گۈزەل.
نەۋقىران بۈركۈت مىسالى كوكتە جەۋلانىم گۈزەل،
ئاشۇ جەۋلان بىرلە ئېيتقان ناخشا ـ داستانىم گۈزەل.

شۇم بۇلۇت تارقاپ، ۋەتەن يەتتى باھارنىڭ ۋەسلىگە،
نۇر چېچىپ تەقدىر، ھوقۇق ئوتتى پۈرولېتار نەسلىگە،
ياخشى ئىستىل، ئەنئەنە كەلدى بولەكتىن ئەسلىگە ،
ۋەتىنىم قويدى قەدەم نۇرانە گۈللەش پەسلىگە،
پارتىيەم گۈللەشكە بەرگەن بارچە ئىمكانىم گۈزەل.

خۇشپۇراق چاچتى مائارىپ گۈللىرى دىلغا بۇگۈن،
كىردى پەننىڭ قۇدرىتىدىن تىلسىمات تىلغا بۇگۈن،
مەدەنىيەت گۈلشىنىدىن كەلدى شان قولغا بۇگۈن،
ئاپىرىن ئېيتتۇق قۇياشتەك پارلىغان يولغا بۇگۈن،
نۇر - چىراق ياققان شۇ يولغا ئىلمۇ - ئىرپانىم گۈزەل.

ھەق ئۈچۈن قىلدۇق كۈرەشلەر لەنتى ئۆك، "سول" بىلەن،
ئۈچرۇشۇپ تاپتى مۇرات بۇلبۇل چىمەندە گۈل بىلەن،
بەيگىگە چۈشتى تۇمەن كادىر ئەنە دۇلدۇل بىلەن،
تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم باستۇق پولاتتەك ھۇل بىلەن،
جەڭ ئارا كۆكرەك كېرىپ ماڭغان قوماندانىم گۈزەل.

ئارمىيەم چامداپ يېڭى يولغا كامال تاپماق ئۈچۈن،
تاۋلىدى سادىق قەلب غالىپ، قىزىل بايراق ئۈچۈن،
تىكتى جان چېگرا، شەھەر، گۈلشەن يېزا - يايلاق ئۈچۈن،
ۋەتىنىمگە كوز ئالايتقان ياۋنى گۇم قىلماق ئۈچۈن،
مىسلىسىز قۇدرەتكە تولغان جەڭچى - پەلۋانىم گۈزەل.

كۆچۈيۈپ قانۇن - تۈزۈم، پۈتكۈل جەمىيەت بولدى تېچ،
بىرلىشىپ تۈزدۇق بۈيۈك سەپ ھەممە مىللەت خەلقى زىچ،
تاۋلىنىپ بولدۇق گويا كى بىسسى قايرىلماس قىلىچ،
نى جاپا - مۈشكۈل، خەتەرلەر قورقىتالماس بىزنى ھېچ،
شۇ جاپا - مۈشكۈلنى يەڭگەن مەردۇ - مەيدانىم گۈزەل.

يۈكسىلىش تاپتى سانائەت، گۈللىنىپ سەنئەت - ھۈنەر،
خاڭدا ئىشچى، تاغدا كانچى تەر توكۈپ قازدى گوھەر،
كۈنۈ - تۈن سايراپ ئىستانوك، فابرىكا قۇچتى زەپەر،
دەممۇ - دەم ياڭراپ گۈدۈكلەر بەردى ئەلگە خوشخەۋەر،
ھور ۋەتەنگە توھپە قوشقان ئىشچى - كارۋانىم گۈزەل.

چېقىلىپ خەلقىمنى قاخشاتقان ئازازۇل - "داشقازان"،
چاچتى نۇر ئادىل سىياسەت، بولدى دىللار شادىمان،
جۇش ئۇرۇپ تەندە جاسارەت، ئاقتى ئىش خۇيمۇ راۋان،
تولدى كات ئاشلىققا، پۇل چۈنتەككە، ماللارغا قوتان،
ھاللىنىپ ياغ چاينىغان ئەمگەكچى دىخانىم گۈزەل.

ياخشىدۇر ئۆتكەنكى ھەر قانداق دەۋردىن دەۋرىمىز ،
زەپمۇ شىرىن مىۋە بەردى بىباھا تەر ـ ئەجرىمىز ،
بىزگە بەخش ئەتتى پاراغەت جەڭدە چەككەن جەۋرىمىز،
كۆنسېرى ئۆستى جاھاندا نامۇ ـ ئابروي ، قەدرىمىز،
جەننەتۇلمەئۋا ئېلىمدە سەيلى ـ سەيلانىم گۈزەل.

بىزدە ئەسلا يوق قانائەت ، باسىمىز ئالغا ھامان ،
تونىيالماس ئالدىمىزنى ئېگىز تاغۇ ـ داۋان،
بولغۇسى جۈڭخۇا ئېلىم جەڭ بىرلە باي ، ئاۋات ماكان،
جان پىدا قىلغىن جېلىلى ، سەن بۇ يولدا ھەر زامان،
ئارمىنىم مەنزىلگە يەتمەك ، ئۇشبۇ ئارمانىم گۈزەل .

## گۈللىنىپ

(غەزەل)

يېزىمىز ئالدى يېڭى ، كوركەم قىياپەت ، گۈللىنىپ،
تىلىگى ئاچتى چېچەك ، تاپتى سائادەت ، گۈللىنىپ.

ئەسلىسەم ، بەش يىل بۇرۇن نامرات ، كورۇمسىز جاي ئىدى،
چاچتى نۇر ئورلەش ئۇچۇن شانلىق سىياسەت ، گۈللىنىپ .

قەددىنى رۇسلاپ دېخان ، دەس تۇردى ئورنىدىن بۇگۇن،
ئىشلىرى تاپتى راۋاج بولغاچ كاپالەت ، گۈللىنىپ .

رەتكە چۈشتى يول ، ئېتىز ، ئوستەڭ ـ ئېرىقلار باشقىدىن،
باغ ـ ۋاران ، ئورمانلىرى كوتەردى قامەت ، گۈللىنىپ .

بەردى نەپ ئىلمى ئۇسۇل ، قوللارغا كەلدى مول ھوسۇل ،
يىلمۇ ـ يىل رىكورت بۇزۇپ ئاشتى دارامەت ، گۈللىنىپ .

توخۇدىن مەھرۇم دېخان باقتى مانا قوي ، ئات ، كالا...
سۇت ـ قېتىق ، گوش ـ ياغ سېتىپ قىلدى تاپاۋەت ، گوللىنىپ .

ئىشلىدى كاسىپ راسا ، بوش ۋاختىدا قىلدى ھۇنەر،
مالغا لىق تولدى بازار يەرلىك سانائەت گۈللىنىپ .

قەد كوتەردى يېزىدا يېڭى مەھەللە رەتمۇ ـ رەت ،
ھەركىشى دەۋرانىغا باپ سالدى ئىمارەت ، گۈللىنىپ.

شۇ يېڭى ئۆيدە خوشال تويلار ياساپ ، بەزمە قۇرۇپ،
بەختىيارلىق ئىلكىدە كوردى پاراغەت، گۈللىنىپ.

بىخ سۈرۈپ ئاچتى پورەك ئەمگەكچى دىخان قەلبىدە ،
كوممۇنىستىك ئىدىيە ، ئەخلاق ـ دىيانەت ، گۈللىنىپ .

تېخى ئۇرلەر يېزىمىز تىنماي يەنە ئىقبال تامان ،
بەختى ـ ئامەت يۈزلىنىپ تاپقاي كامالەت ، گۈللىنىپ .

## نۇر ئاكام

(غەزەل)

ئالدى نۇركام ھوددە يەردىن ئىككى قاتلاپ مەھسۇلات ،
مىۋىلەر ئوخشاپ بېغىدا ، كەلدى ئامەت قاتمۇ ـ قات .

بەردى ئاشلىقنى سېتىپ دولەتكە چەكتىن ئاشۇرۇپ،
ئەجرىدىن رازى بولۇپ ئۇ ، چاينىدى ياغ ھەم ناۋات .

بانكىدا قويغان پۇلى ئۈچ مىڭ يۈەندىن كام ئەمەس،
ئالدى ئوغلاق تارتقىلى ئاۋات بازاردىن ئىككى ئات.

بىرسىگە نۇر كام ئۆزى مىندى گويا بايۋەچچىدەك،
بىرسىگە مىندى ئەنە ئىشچان يىگىت ـ ئوغلى پولات.

بۇ خوشاللىقتىن ئۈنىڭ يەتتى قۇلاققا ئېغىزى،
چومدى چەكسىز ئىپتىخارغا يېڭىدىن تاپقاچ ھايات .

دەيدۇ ئۇ: "كومپارتىيە ھوربەختىمىزگە مىڭ ياشا !"
قەلبىدىن ئۇرغۇپ بۇلاقتەك سۈپ ـ سۈزۈك، چىن ھىسسىيات.

ئىككى گەپنىڭ بىرىسىدە نۇركامنى ماختاپ دەيدۇ خەق :
"باي بولۇشمۇ تەس ئەمەسكەن، قىلسا مېھنەت، ئىجتىھات!..."

## مۇھەببىتىم ئوچمەس

يازنىڭ سالقىن ئاخشىمى ئويدە،
ئولتۇراتتىم تەۋرىتىپ قەلەم .
ھىسسىياتىم ئۇنچىلىرىنى
ئاق قەغەزگە توكەتتىم شۇدەم.

كىرىپ كەلدى دوستۇم ئۇشتۇمتۇت،
قول ئېلىشىپ كورۇشتۇق قىزغىن.
قاراپ قويۇپ يازغانلىرىمغا،
ئۇ، سوزىنى باشلىدى بىردىن:

"سېنى ئىزدەپ كەلدىم ئالدىراش،
نىمە ئىش بۇ، ياﺋاللا، ئاداش؟
قاچان كەلسەم كورىمەن سېنى،
خىيال بىلەن شۇ قەدەر سىرداش.

قانچە يىللىق تاشلىدىڭ ئارتقا،
ئۇزۇلمىدى رىشتىڭ بۇ ئىشتىن.
تۇننى تاڭغا ئۇلىدىڭ هامان،
خالى بولۇپ چارچاش - ھىرىشتىن.

دۇرلار قېزىپ ئىجات كانىدىن،
قىلدىڭ ئىشچان خەلقىمگە تارتۇق.
كوردۇڭ ئۇنى ئارزۇلاپ سۇيگەن،
ساھىپجامال قىزدىنمۇ ئارتۇق.

ئارتۇق كورسەڭ- كورگىن ۋە لېكىن
يىراقلاشما ئويۇن - بەزمىدىن.
ھىچگەپ ئەمەس ئوينساڭ تانسا،
بىرەر قېتىم كېچىسى نەزمىدىن... "

دىدىم: "تولا ئاۋارە قىلما،
تانسىغا ھىچ مەيلىم يوق مېنىڭ.
ئىجات قىلسام ۋاقتىنى ئۇچلاپ،
بولۇر كوڭلۇم خوشال، توق مېنىڭ.

بىلسەڭ دوستۇم، ۋەتەن ۋە خەلقىم
ئۇلۇغ نەرسە يوقتۇر جاھاندا.
كىمكى ئەگەر سۇيمىسە ئۇنى،
ئومرى ئوتەر ھەسرەت - پىغاندا.

ۋەتەن، خەلق— ئانا ۋە ئاتا،
بارچە سۇيگۇ ئۇندا مۇجەسسەم.
ئۇ بولغاچقا ھايات چىنارىم
يىلتىز تارتىپ ئوستى مۇستەھكەم.

ئۇلۇغ ۋەتەن، باتۇر خەلقىمنى،
ئومرۇم بويى سويۇمەن ئەبەت.
ئاڭا بولغان پاك مۇھەببىتىم،
يالقۇنلايدۇ، ئوچمەيدۇ پەقەت.

شۇ سەۋەپتىن ھەر كۇنى كەچتە
قەلىمىمنى ئىشقا سالىمەن.
ۋەتەن، خەلقىم بەرگەن ئىلھامدىن،
ئىجادىمغا ئوزۇق ئالىمەن... "

## بىر قەلەمكەشنىڭ بايانى

ئەي قەلەم، ھەمرا بولۇپ ئون يىل ماڭا،
تەۋرىدىڭ قەغەزنى كەڭ مەيدان قىلىپ.
قارىغا ئالماي تۇرۇپ نىشاننى مەن،
مەنىسىز ئاتتىم سېنى پەيكان قىلىپ.

ئۇ— ساپال تەشتەكتىكى گۇل تۇۋىدىن،
ئىزدىدىم ئىلھام قىزىنى ئاقتۇرۇپ.
گۇل مېنىڭ قەلبىمگە چاچسا خۇشپۇراق،
باشقىسى يوقتەكلا، قالدىم ياقتۇرۇپ.

شۇ ئۈچۈن قايناق هاياتتىن چەتنىدىم،
چورگىلەپ بىر ئىزدا تۈگمەن تېشىدەك.
كۆلىنىلا يازدىم ھەممىشە زورۇقۇپ،
جەمىيەتتىن ھېچ خەۋەرسىز كىشىدەك.

ئۈچمۇ - ئۈچ رىداكسىيەگە يوللۇدۇم،
چېچىنى تاراپ، ياساپ - جابدۇندۇرۇپ.
ھەم مۇھەررىردىن ساخاۋەت تىلىدىم،
قانچە بەتنى سوز - ئىزاھقا تولدۇرۇپ.

ئۇ - لېرىك شېئىرلىرىمدىن بىرسىمۇ،
چىقمىدى ژورنال ۋە يا گېزىتكىمۇ.
ئۆلمىدىم، كوردۇم ئۆلۈمدىن چوڭىنى،
(بەك ئېغىر كەلدى بۇ ھال " يىگىت » كىمۇ.)

بەزىدە كەلدى جاۋاپ: " ئىشلەتمىدۇق ،
ھېسسىياتسىز، تىلى خام بولغاچ شېئىر.
تىتىرىتەلمەيدۇ يۈرەكنىڭ تارىنى،
كونا گەپ - ئىبارىغا تولغاچ شېئىر... »

بەزىدە كەلدى پىكىر: " كامدۇر پۇراق،
ئۈگىنىڭ تۇرمۇشنى سەپكە قېتىلىپ.
ئەل بىلەن سىرداش بولۇڭ، دىلداش بولۇڭ،
جەڭ - كۆرەش قوينىغا شىردەك ئېتىلىپ... »

بۇ جاۋاپ - پىكىر ماڭا چىڭ تەگدى بەك،
ئاغرىنىپ يۈردۈم مۇھەررىردىن ئۇزاق،
ۋايسىدىم: "قالتىس ئىدى يازغانلىرىم،
ئۇقمىدى، بولغاچ مۇھەررىر تار قوساق،،،"

ئاغرىنىش-ۋايساش ماڭا بولدى توزاق،
ئويلىسام، ئالداپتىمەن ئۆزۈمنى مەن.
ۋاي، ئىسىت! ... بۇ خەلقى - ئالەم ئالدىدا،
كوتۇرۇپ قانداق يۈرەي يۈزۈمنى مەن !؟

كۆنلىرىم ئوتتۇپتۇ لاي سۇدەك ئېقىپ،
شاتۇتى يەڭلىغ ھامان دوراش بىلەن.
بىر مەھەل جىنلار بىلەن سىرداش بولۇپ،
بوپتىمەن مەشغۇل شوئار توۋلاش بىلەن.

چوڭ ساۋاق بەردى ماڭا باسقان يولۇم،
تەلتوكۇس ئەمدى ئۆنىگىدىن قول ئۈزەي.
يۈزلىنىپ تەشتەك تۇۋىدىن سىرتقا مەن،
بىپايان - كەڭرى زېمىندا گۈل تۈزەي.

چۈشۈنۈپ خەلقنىڭ غۇبارسىز كوڭلىنى،
قاچىلاي قەلبىمگە ساغلام ھېسسىيات.
تىرىلىپ ئۆلگەن ئىجادىم كەپتىرى،
كوكسىرى قاقسۇن جەسۇر، جۇشقۇن قانات.

ئەل غېمى — دولەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش،
تائەبەت ھەمدەم بولاي خەلقىم بىلەن.
بۇ مۇھەببەت ھەممىدىن ئەلا ماڭا،
قەدىرلەي ئۇنى پۈتۈن قەلبىم بىلەن.

ئىشىق ئوتى ئاتتى ۋۇجۇدۇمدا لاۋا ،
كۆيۈمەن تاكى نەپەستىن قالغىچە.
خەلق ئىشى چاقناپ ئىجادىم كوكىدە،
كۆيلىرىم نۇرغا چومۇلسۇن قانغىچە !...

# شېئىرلار

ۋاھىتجان غوپۇر

## گۈللىدى

كەلدى كۈتكەن نەۋ باھار، باغۇ ـ بوستان گۈللىدى،
گۈل ئىپاردەك جۇلالاپ، دىلدا داستان گۈللىدى.
ئېشىپ بۇگۈن ئەمەلگە، ئارزۇ ـ ئارمان گۈللىدى،
قېنىپ ئەلۋەك سۇلارغا چول ـ باياۋان گۈللىدى.
ھور-سائادەت گۈلزارى بوك-باراقسان گۈللىدى،

زامان مېھرى ـ جىلۋىسى بەردى ئىلھام يۈرەككە،
كەتتى ئىشلار يۈرۈشۈپ، تولدى قۇدرەت بىلەككە،
چومدى ئېتىز ـ ۋادىلار سولماس لالە ـ چېچەككە،
بەختى كۈلگەن دىخنىم يەتتى ئارزۇ ـ تىلەككە،
كورۈك، بۇگۈن ئادالەت چىنار سايان گۈللىدى.

ئوت يۈرەك مەرت ئىشچىلار توكۈپ كومۈش تەرلەرنى،
ئەجرى بىلەن ياشناتتى بۇ بەختىيار كۈنلەرنى.
ئىجات قىلىپ، ھارماستىن تاڭغا ئۇ-ۇلاپ تۈنلەرنى،
ئېچىلدۇردى سانائەت ساھەسىدە گۈللەرنى،
تېخنىكا ھەم يېڭىلىق ئەمدى چەندان گۈللىدى.

ۋەتەن ئۈچۈن تاپتى كان، سۈزدى گوھەر ئالىملار،
تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىپ يازدى ئەسەر ئالىملار،
تەرەققىيات كوكسىگە تىزدى جەۋھەر ئالىملار.
ئەجرىدىن ئەل قەلبىگە توكتى كەۋسەر ئالىملار...
كوكلەپ ھەيۋەت چىناردەك ئىلمۇ ـ ئىرپان گۈللىدى.

باغدا يۈمران نوتىلار باغۋەنلەرنىڭ مېھرىدىن
ئۈستى ساغلام يېتىلىپ (نۇر تامدۇ چېھرىدىن.)

يۈكسەك غايە ئىكلىدى ئۇلار ئوتلۇق قەلبىدىن،
تېپىپ ئەقىل مەنىۋى گۈللۈنۈشنىڭ بەھرىدىن،
ئىز باسار ياش بوغۇنلار شادۇ ـ خەندان گۈللىدى.

سۈزۈك سۈنىڭ تېگىدە ياتقان مارجان ـ ئۈنچىدەك،
ياكى چىۋەر قول توقۇپ چىققان رەڭدار زىلچىدەك،
نۇر چاقنىتار شاتلىقتا كۈلگەن ۋەتەن شۈنچە بەك،
ئەل ئۈمىدى قىلماقتا جىلۋە كۈلگەن غۇنچىدەك،
نەۋ باھاردا ـ ھەر دىلدا ياشناپ رەيھان گۈللىدى.

راۋانلاشتى يول شۇنداق، بولغاچ مۇقىم سىياسەت،
بەردى دانا پارتىيە يۈكسۈلۈشكە كاپالەت،
ئەمگەكتە ھەر كىمنىڭ بولدى تاغدەك بەرىكەت،
كوپ ئىشلىگەن كوپ چىشلەپ كوردى ھوزۇر ـ ھالاۋەت…
قاراڭ يېزا ـ قىشلاققا،* ئالتۇن خامان گۈللىدى.

بولدى چارۋا باققانلار ئۈنىڭ تولۇق ئىگىسى،
تەر توكۈپ باغ قىلغانغا بولدى مەنسۇپ مېۋىسى،
گىلەمچىگە خاس بولدى توقۇپ چىققان زىلچىسى،
بۇ ئادالەت تۈزۈمگە تاشتى دىلنىڭ ھەۋەسى،
خۇددى چوغدەك تاۋلىنىپ ئەنە ھەريان گۈللىدى.

تولغاچ دەريا زەمزەمگە، ئېرىقلاردا بال ئاقتى،
قۇدرەتلەندى مەملىكەت، شەخسىمۇ روناق تاپتى،
سوز ئەمەلدە، خەلقىمنىڭ ئارزۇلىرى گۈل ئاچتى،
زامانىۋى ئەل قۇرۇش كوكۇللەرگە زەپ ياقتى،
تولۇپ ئايدەك ھوسنىگە ئانا ماكان گۈللىدى.

پۈرسىتى كەڭ گۈل دەۋران بەردى قۇدرەت، پاراسەت.
"تورتلىشىش» نىڭ سەپىرى ئېلىپ كەلدى سائادەت،
ئۇرغۇپ تاشتى ھەر تەندە تاغ يارغىدەك جاسارەت،
ئىزھار ۋەتەن بەستىدە غەيىۇر سۇبات، مەتانەت…
شاتلاندۇرۇپ دىللارنى بۇ ھورزامان گۈللىدى.

## تاڭ سەھەر

ناخشا ئېيتسام جۇر بولۇپ ياڭرايدۇ سازىم تاڭ سەھەر،
قالدۇرار بۇلبۇلنى ھەيران شات ئاۋازىم تاڭ سەھەر.

كۈيلىسەم زوققا تولۇپ دەۋرىمنى ئوتلۇق دىل بىلەن،
خۇش كۈلۈپ گۈللەر ماڭا ئەيلەيدۇ تازىم، تاڭ سەھەر.

ئەلمۇ شات، قەلبىممۇ شات، ئوتمەكتە قوۋناق بۇ ئۆمۈر،
قويىنىدىن بەردى ماڭا نۇۋەتنى يازىم ، تاڭ سەھەر.

لالىرەڭ گۈلگۈن شەپەقتەك بەختۇ ـ ئىقبالىم گۈزەل،
مەھلىيا ئۆمرۈمگە بۇلبۇل ـ ئىشقىۋازىم، تاڭ سەھەر.

تەنگە سىغماسمەن ئازات دەۋرىمنى كۈيلەپ ـ شاتلىنىپ،
شۇڭا ياڭرايدۇ گۈزەل گۈلباغدا سازىم تاڭ سەھەر.

## خەلقىم

خىجىلدۇر ئاي جامالىڭدىن سۆيۈملۈك جانىجان خەلقىم،
ياغار ئاپتاپ چىرايىڭدىن كويۈملۈك جانىجان خەلقىم.

قەدىم تارىختا نامىڭ بار، كومۈلمەس توھپە ـ شانىڭ بار.
شۇڭا مېھرىڭگە قانمايمەن كويۈملۈك جانىجان خەلقىم.

بويۈك كارۋان يولى بويلاپ، ئىلىم ـ پەن تويىنى تويلاپ،
ياراتتىڭ كەشپىياتلارنى ئۈنۈملۈك، جانىجان خەلقىم.

بۈگۈن دەۋرىمدە كەڭ ئىمكان ساڭا يۈز ئاچتىلەر ھەر ئان،
شۇڭا گۈللەرگە پۈركەندىڭ ئومۈرلۈك، جانىجان خەلقىم.

كامال تاپ، يەنىمۇ نۇرلە، چىمەندە بەرق ئۇرۇپ گۈللە،
ۋەتەننىڭ قوينىدا ياشناپ سويۈملۈك جانىجان خەلقىم.

## سايراپ تۇرار دۇتتارىم

يۈرىگىمنىڭ ئۈزۈلمەس يارقىن رىشتىدىن،
سالدىم گۈزەل نەقىشلىك دۇتارىمغا تار.
پەرۋاز ئەيلەپ ئاۋازىم نۇرلىسە كوككە،
دولقۇن ياسار قەلبىمدە شاتلىق، ئىپتىخار.

ھەر ئاھاڭىم ھور چېچەك، سوزۈم گويا گۈل،
جۇشقۇن ئىلھام بېغىدا لەززەت سۈرىمەن.
بەختىم ـ ئارزۇم كۈيلەنگەن ناخشا ئەۋجىدە،
سوتسىيالىستىك دەۋرىمنىڭ مېھرىن كورىمەن.

سۆزۈك، راۋان ئاۋازىم تالمايدۇ مېنىڭ،
ئايدىن گۈزەل كەلگۈسى بەرگەچ كۈچ، مادار.
سالسام شۇڭا كوزۇمنى پارلاق ئىقبالغا،
نامايان ئالدىمدا كۆچمەس گۈلباھار.

سايراپ تۇرار دۇتارىم، دايىم شات، قوۋناق،
مۇھەببىتىم زامانغا ئۇرغۇپ ئاقىدۇ.
كەلگۈسىگە تەلپۈنگەن ئوتلۇق يۈرىكىم،
پارتىيىنىڭ مېھرىگە كۆلۈپ باقىدۇ.

مەن كۈيلەيمەن ئۇلۇغۋار سائادىتىمنى،
ياڭرىتىمەن ناخشامنى خوشال، بىقارار.
شادىيانە ئاھاڭلار ئەۋجىدە ئۇزۇپ،
تىڭشاڭ دوستلار، سايرايدۇ قولۇمدا دۇتار!

# قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا

1982 - يىل 20 - ئاپرېل كۈنى ياپ - يېشىل سۆۋادان تېرەكلەر بىلەن ئورالغان «ھەزرىتى موللام تېپى» غا بېرىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مۇبارەك قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدىم. قەلبىم بۈيۈك ئالىمغا بولغان سەممىي مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق ئىلھامىغا تولدى.

ئاچتى يۈز كۆكلەم گۈلۈستان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا،
شوخ بۇلاق چاچراتتى مارجان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا،
تۇردى ھۆرمەت بىرلە ھەر جان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا،
ياندى ئوتلۇق ھىس ھاياجان، قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا،
چەۋرىڭىز ياڭراتتى داستان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

ئەسسالام! مەھمۇت بوۋا، سىزگە سالاملار بەرگىلى،
قەۋرىڭىزگە پاك مېھىر بىرلە چېچەكلەر تەرگىلى،
تەلپۈنۈپ كەلدىم يىراقتىن لالە ـ گۈل ئۈندۈرگىلى،
سىز ياشاپ ئۆتكەن تاۋاپگاھنى سۆيۈپ بىر كەزگىلى،
دىلدا ئىخلاس بولدى فونتان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

نۇرلۇنۇپ ئۆتتۇرا ئەسىرنىڭ مەرىپەت دۇنياسىدا،
بولدىڭىز قەيسەر كاراپسىز ئىلمۇ-پەن دەرياسىدا،
بولدى كۆپ پاك ئەجرىڭىز ئەلنىڭ ئىجات-بەرپاسىدا،
كەشپىياتنىڭ مۆجىزارلىق باغ ـ ۋاران ئەھياسىدا...
چۈشتى ئەسكە ئەشۇ جەريان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

يۈرت كېزىپ، ئىزلەپ ئىلىم، ھېكمەت، بېرىپ باغداتقىچە،
ئۈگۈنۈپ ئەيلەپ ئىجات، كۈندۈز-كېچە تاڭ ئاتقىچە،

يازدىڭىز ئۇلمەس «دىۋان»① نى تاغ-داۋانلار ئاشقىچە،
( كەلدى شۇ قامۇس يېتىپ ھازىرقى ياش ئەۋلادقىچە )،
ئېيتتۇق تەھسىن سىزگە چەندان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

ئامىڭىز دەرياچە مەھمۇت قەشقەرى— ئالىم بوۋا،
ئاڭا ئالەمنى قايىل ئەتكەن «دىۋان» جانلىق گۇۋا،
( شۇ كىتاپ قوزغاتتى كۆرمىڭ دىلدا زور ئاتەش- لاۋا،)
ئىلمۇ-پەن دۇنياسى بىلدى توھپىڭىزنى بىباھا،
شۇڭا كۆلدى لالە - رەيھان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

مەيلى بونىن، مەيلى توكيو، دانىيە ئالىملىرى،
سىز ئىجات ئەتكەن «دىۋان» غا بولدى ئاشىق مۇشتىرى،
خەلمۇ-خىل تىلدا قىلىپ تەتقىق، باھالاپ ھەر بىرى،
دىدى: "مەھمۇت قەشقەرىدۇر تۈركشۇناسلىقنىڭ پىرى"
بولدى قەدرىم خۇددى ئاسمان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

ھە بۈگۈن كومپارتىيەم سىزگە بىرىپ زور ئەھمىيەت،
توھپىڭىزنى ئەل ئارا تەشۋىق قىلىبان رەتمۇ - رەت،
ئەيلىدى خەلقنىڭ ئىلىم-پەن ئىشىغا يۈكسەك مەدەت،
(ئۇشبۇ قۇتلۇق ۋەزىيەتتىن رازىدۇر دىللار ئەبەت )
بولدى دەۋرىم ئىشقى گۈلخان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

مەرىپەتلىك خەلق سۆيەرنىڭ نامى ھېچ ئۆچمەيدىكەن،
كوچىسمۇ تاغ، ئىختىراسى، توھپىسى كوچمەيدىكەن،
تەرىپى ئەۋلات تىلىدىن تائەبەت چۈشمەيدىكەن،
بەلكى مەزمۇت قارىغايدەك تاش يېرىپ كوكلەيدىكەن،
شۇ ھەقىقەت قىلدى جەۋلان، قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

سىزگە بى ئالىمنى ئۇستۇرگەن ئوپال - گۈلگۈن دىيار،
توھپىڭىزدىن ھە، مانا قىلماقتا ھەس زور ئىپتىخار،
ئەندى تىل چىققان بوۋاقمۇ سىزنى يادلاپ ھەر ناھار،
ئېيتىدۇ: "مەھمۇت بوۋام بار مۇندا..." دەپ شات، بەختىيار،
ئۇكسۇمەس ئەل مېھرى ھەرئان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

① «دىۋان» تۈركى تىللار دىۋانى.

تىچ يىپتىڭ مەھمۇت بوۋا، سىز بىز بىلەن بىللە ھامان،
بولىمىز ۋارىس تىرىشچان روھىڭىزغا ھەرقاچان،
ئۆگۈنۈپ سىزدەك ئىلىم، ئەل قەلبىنى ئەيلەپ مىزان،
گۈللۈتۈشچۈن ھورۋەتەننى باسىمىز ئالغا راۋان،
ياگىرىسۇن بۇ ئەھدۇ - پەيمان قەۋرىڭىزنىڭ ئالدىدا.

## قاينام

بويلاپ ماڭدىم ئەزىم دەريا قىرغىقىنى،
ئاقار ئىدى دولقۇنلۇنۇپ باھار سۈيى.
سالدىم ئاڭا تەپەككۇرنىڭ قۇلاۋىغىنى،
جاراڭلىدى تىلدا ياڭراق ئالقىش كۈيى.

دەريا ئىچرە كېتىۋېتىپ تۇرۇپ قالدىم،
بۇلدۇقلىغان قاينامنى مەن كورگۈنۈمدە.
ئاڭا چۇڭقۇر قىزىقىشتا نەزەر سالدىم،
تەپەككۇرنىڭ كېمىسىدە ئۈزگۈنۈمدە .

ئايلىناتتى چاچرىتىپ ئاق بۇژغۇن قاينام،
يوگەپ قىيان سۈنى گويا چەمبەر بولۇپ.
بىر تەسىرات مەندە پەيدا بولۇپ شۇئان،
سوئال قويدۇم قاينامغا دەل ئۇدۇل تۇرۇپ:

— بۇلدۇقلايسەن مەركەز بولۇپ چەكسىز سۈغا،
تارتىسەن زەپ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى.
تەققاسلايمىز ھالىتىڭگە ئالىملارنىڭ،
باتۇرلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان غەيرىتىنى.

سىمۇۋۇل ئۇزۇك ئەل تىلىدا ئۇلۇغلۇقتا،
جاۋاپ بەرچۇ، بار سېنىڭدە قانداقچە سىر؟—
دىگىنىمدە قاينام ئۇرغۇپ تولۇپ زوقا،
بەردى جاۋاپ، قىلىپ ئىزھار "سىر"نى بىر-بىر:

— يوق مەندە ھېچ غارايىپ "سىر" يۇرتداش، ئاڭلا،
مەن بولىمەن پەيدا كوپىنىڭ ئەجرى بىلەن.
يىغىلغاندا ھەر تەرەپتىن كەلگەن سۇلار،
چاچرىتىپ ئاق بۇژغۇن تازا بۇلدۇقلايمەن.

مىليونلىغان تامچى سۇلار بىرىكمىسە،
تۇرالمايمەن دەريا ئىچرە قاينام بولۇپ.
بەلكىم بۇرۇن كورگەندۇرسەن، سۇ پەسلىسە،
قالغانىتىمغۇ مەنمۇ نەچچە مەرتەم قۇرۇپ؟!...

ئاڭلاپ قاينام جاۋابىنى ھوزۇرلاندىم،
سەزدىم ئۇنىڭ سوزىدىن بىر ھەقىقەتنى.
مۇنداق پەيزى ئوخشۇتۇشتا يەكۇنلىدىم،
چوڭقۇر مەنا تولۇپ تاشقان بۇ سوھبەتنى:

تىنىم تاپماي بولدۇقلىغان شۇ قاينامنىڭ،
ئىجاتكارى بولغىنىدەك بىپايان سۇ.
مەرىپەتنىڭ، زىبرەكلىكىنىڭ، كۈچ، چىداملىڭ،
دانالىقنىڭ ئىجاتكارى خەلقتۇر مەڭگۈ!

ئوركەشلىنىپ ئاقسا چەكسىز سۇ دەريادا،
مەۋجۇتلۇققا ئىگە بۇلار قاينام جەزمەن.
قاينام كەبى بولدۇقلايدۇ ئىختىرادا،
تالانتنىڭ ئاساسىنى خەلق بىلگەن!

١

# مەرىپەت مۇھەببىتى

(چاتما شېئىر)

## بـۇلاق

سۈپ ـ سۈزۈك بۇلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان سۇ،
بىرىدۇ چاڭقىغان مايسىغا دەرمان.
بۇلاقنىڭ سۈيىگە قېنىپ ـ ياشىرىپ،
گۈلەيدۇ كوكىرىپ بوي سوزۇپ ئورمان.

خەلقىمىز ياراتقان بىلىم بايلىغى،
خۇددى شۇ بۇلاقتۇر ئۇزۇلمەي ئاققان.

ئىجاتكار ئەۋلاتلار ئىختىراسىنىڭ،
كوچىتى تېنىگە بال كەبى ياققان.

تامچىلاپ تېمىپ شۇ بۇلاق سۈيىنى،
تېخىمۇ ئۇلغايتىش يۈكسەك بۇرچىمىز.
كەل دوستۇم، شۇ بۈيۈك مەقسەت يولىدا،
كورسەتسۇن موجىزە، ئەقىل ـ كۈچىمىز!

## كــوۋرۈك

دولقۇنى ھەيۋەتلىك ئەزىم دەريادىن،
بولمىسا كوۋرۈك گەر ئوتۇش بەك قىيىن.
كوۋرۈكسىز دەرياغا دۇچ كەلگەن كارۋان،
مەنزىلگە يېتەلمەي قالىدۇ كېيىن.

گويا شۇ كوۋرۈكتۇر— ھارماي تىرىشىش،
بىلىمگە ئىنتىلگەن ھەر بىر ئىنسانغا.

خەلق ئۈچۈن ھىكمەتتىن گوھەر سۈزۈشنى،
بەختىم دەپ ھىس قىلغان ئوتلۇق ۋىجدانغا.

"تىرىشىش» ئىسىملىك مەزمۇت كوۋرۈككە،
تەر توكۇپ ئىرىشسە ھەر كىشى ئەگـەر؛
ئوتۇپ نى مۇشكۇللەر دەرياسىدىن تېچ،
مەرىپەت كوكىدە قۇچىدۇ زەپەر!

## ئــاچــقـۇچ

ئىلىم-پەن بولسا لىق ئالتۇنغا تولغان
قۇلۇپلاپ قويۇلغان پۇتمەس خەزىنە؛
ھەر كۇنلۇك تەكراردۇر ئۇنىڭ ئاچقۇچى،
(بۇنىڭسىز قۇلۇپنى ئاچمەن دىمە.)

"تەكرار» دىن ئىبارەت ئالتۇن ئاچقۇچنى
ئەيلىسەڭ ئوزەڭگە ئومۇربات جانان؛
بىلىمنىڭ شۇ پۇتمەس خەزىنىسىگە،
شۇبھىسىز بولۇسەن مۇيەسسەر ھامان.

## ئاخىرقى سۆز

«ياشىغان دەۋرىڭنى ئىلىم - پەن بىلەن
زىننەتلە» دەپ ئېيتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
ئاشايلى دوستلار پەن ئۆتكەللىرىدىن،
ئالىمنىڭ سۆزىگە چىن ئەمەل قىلىپ.

ئۈگەنگەن ئىلمىمىز بىلەن گۈللەيلى،
بۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىز سىماسىنى بىز.
قۇرايلى مەرىپەت تازا يۈكسەلگەن
بەختلىك ھاياتنىڭ دۇنياسىنى بىز!

# قەشقەر مۇھەببىتى

( چاتما شېئىر )

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## ئانا قەشقەر

تەپەككۇر ئاسمىنىنىڭ لاچىنلىرى،
بولغانىدا ئانا قەشقەر قوينۇڭغا جەم؛
تەلىيىم كېلىپ ئۆگدىن، ھۆرمەت بىلەن
مۇبارەك تۇپرىقىڭغا قويدۇم قەدەم.

مۇقاملار شەربىتىنى تۇتقىنىڭدا،
دىل ئىشقىم گۈزەللىككە قۇچاق ئاچتى.
غۇرۇرۇم بوي تالىشىپ چوققىلاردىن،
ئىلھامىم گۈلى خۇشبۇي يۇراق چاچتى.

دانىشمەن مەھمۇت بوۋام ياتقان بوشۇك،
بىلەمسەن دۇنيادىكى قىممىتىڭنى ؟!
تارىخنىڭ بەتلىرىگە ئۆچمەس قىلىپ،
ئەمەسمۇ يازغان ئۆزەڭ مىللىتىمنى؟!

تۇرىدۇ ھېيتكا مەغرۇر كىرىپ كوكرەك،
يېقىملىق چىرايىڭغا بېرىپ زىننەت.
كوكسۇمگە ئېلىپ قولنى بەردىم سالام،
سەنئەتنىڭ سىماسىغا بۈيۈك، قىممەت.

سەن - سەنئەت بۆلىكى، بىر تامچىسىنى
ئالتۇنىنىڭ دۇۋسىگە بەرمەيدىغان .
بىۋاپا بىلمەس ئۇنىڭ قىممىتىنى،
ۋىجدانىنى پۇلغا سېتىپ خەجلەيدىغان.

ئۇ - گۇۋا ئەجدادىمىز توھپىسىگە،
ئەسىرلەر قۇمى بۇندا بېسىپ ياتقان.
ئۇ - گۇۋا ئەمگەكچىنىڭ قۇدرىتىگە،
كەشپىيات قامۇسىغا ھوسن قاتقان.

كوزۇمگە سۇرتەي تۇمەن بويلۇرۇڭنى،
بوۋىلار تېرى سىڭگەن تۇمەن يىللار.
كۇلۇپتۇ بۇگۇن ئىككى قاسىنغىڭدا،
يوقسوزلۇق ئەسىر قىلغان سۇنۇق دىللار.

بېشىدا ياڭاق چاققان نادانلىقنىڭ،
تارتىپتۇ تاناۋىنى بۇگۇن ياشلار.
قۇرۇپتۇ ئەرك ئىزلەپ غازان بولغان
مۇھەببەت كوزلىرىدىن قىزىق ياشلار.

جىنىسگمۇكىلىپ قاپتۇ تۇمشۇغىڭغا،
مىللەتنى مىيىپ قىلغان خۇراپاتلىق.
مەرىپەت قۇياش كەبى توكۇپ ئاپتاپ،
بىرىپتۇ قەشقەر ساڭا باياشاتلىق.

تەر سىڭگەن بىلەن دىخان كوينىگىگە،
زەررەچاك قونماپتۇ پاك يۇرىگىگە.
يىغىپتۇ گۇزەللىكنى هالال ئەمگەك،
پايانسىز يېزىلارنىڭ ئېتىگىگە.

سويۇندۇم مۇھەببەتنىڭ قولۇبىدا،
گۇللىرىڭ دىڭىزىدا ئۇزگەندە مەن.
تەككەندە ئېغىز شېرىن مۇۋىلەرگە،
باغلىرىڭ قۇچىغىدا ياير ىدى تەن.

بەختىيار ئەۋلادىمىز گۇلشىنىڭدە،
قۇرىدۇ بۇنىڭدىنمۇ يېڭى هايات!

مېهماندوست، مېهرى ئىللىق ئادەملىرىڭ،
پەزىلەت نۇرى بىلەن يۇيۇنغانمۇ؟!
ئۇلارنىڭ پاك قەلبىگە خەلقىمىزنىڭ،
مەنىۋى خىسلەتلىرى قۇيۇلغانمۇ؟!

بوۋىلار قان ـ تەر توكۇپ بوستىنىڭدا،
ياراتقان ئىسىل ئەخلاق مىزان بىزگە.
قولۇڭدا تەييار ئىكەن مىسران قىلىچ،
گەر سوزسا نەشتىرىنى يىلان بىزگە.

كولىڭگە بېقىپ شىرىن خىيال سۇردۇم،
قولۇاقلار ئۇزگىنىدە كۇلكە تولغان.
ئېيتقىنا قەشقەر، زۇمرەت سۇلىرىڭغا،
قايسى چاغ بۇگۇنكىدەك بەخت قونغان؟!

گۇللىنىش قول سىلكىدى ساڭا قەشقەر،
يېنىغا بارغىن ئۇنىڭ ئانا قەشقەر.
"كۇلىدۇ مەهمۇد بوۋاك روهى" دىدى،
ئارمىنىم يۇلتۇزلىرى ماڭا، قەشقەر.

شىمالنىڭ تاغلىرىدىن ئېلىپ كەلدىم،
يازۇ ـ قىش سولمايدىغان ئارچا ساڭا.
مىۋىزار باغلىرىڭغا تىكىپ ئۇنى،
ئوغلۇڭنى سېغىنغاندا سويگىن، ئانا!

كورگەچكە قەشقەر گۇلدەك جامالىڭنى،
شاتلىغىم كوك قەهرىدە قاقتى قانات!

## قەۋرەك ئالدىدا

ئالەمگە مەشهۇر بىر ئۇلۇغ ئالىم،
ياتىدۇ جىمجىت يېزا قويىنىدا.
توزگىلەردىن نام، ئالتۇن تالاشماي،
ئوتۇپتۇ ئومرى ئەلنىڭ كويىدا.

جاهاننى كىزىپ تەنها پىيادە،
ئىنسان تەقلىدىن يىغىپ ئۇ شىرنە؛
يېشى توقساندىن ئاشقان چاغدىمۇ،
پەرۋانە بىلەن كويۇپتۇ بىللە.

ئۆتۈپتۇ بۇندا تالاي خان ـ ۋەزىر،
سالدۇرۇپ كوككە تاقاشقان قەسىر.
قالماپتۇ لېكىن زېمىندە ئىزى،
ئالىمنى تاغدا ساقلاپتۇ ئەسىر.

تۇرۇپتۇ مەزمۇت ئۇنىڭ قەۋرىسى،
بولغاچقا قالقان باتۇر نەۋرىسى.

چىقىپ كەتمىسۇن ئېسىڭدىن تارىخ،
مەھمۇد بوۋامنىڭ ئۆلمەس ئەجرىسى.

چومۇلۇپ بۈگۈن باھار نۇرىغا،
تۇرىمەن ئالىم قەۋرەڭ ئالدىدا.
جىسمىڭ ئوپالغا كومۇلگەن بىلەن،
ساقلايدۇ سېنى جاھان يادىدا.

## قەشقەر قىزى

مەي قۇيدۇڭ دىل جامىغا،
ناخشاڭنىڭ قولى بىلەن.
كۆلدى ئىلھام غۇنچىسى،
مېھرىڭنىڭ نۇرى بىلەن.

تۇغۇلدۇڭمۇ پەزىلەت
ئانىسىدىن گۈزەل قىز؟!
(ۋىجدانىغا زەررىچە،
كىر قونمىغان، كوڭلى تۈز.)

ئوت قويۇپتۇ نادانلىق
ئۆگسىغا جۇرئىتىڭ.
باشقىلاردىن كەم ئەمەس،
شۇڭا نامىڭ، ھورمىتىڭ.

قۇچىغىدا قەشقەرنىڭ،
بەختىڭ بۈگۈن كۈلۈپتۇ.
گۈزەل ئارمان باغلىرىڭ،
خۇشپۇراققا تولۇپتۇ.

ئىگىز ئالتاي تېغىدا
ئوسكەن يېشىل قارىغاي؛
ئەشۇ باغنىڭ گۈلىگە،
تۇرالامدۇ قارىماي؟!

سۆزۈڭ قاناسكولىنىڭ،
ئوزى تۇرسا پاكلىغىڭ؛
نىچۈن قانات قاقمىسۇن
تىميانىشاندا شاتلىغىم!

بىلسەڭ سىڭلىم ئىككىمىز،
بىر ئانىدىن تۇغۇلغان.
ئەجدادىمىز توھپىسى،
ئالەم ئارا تونۇلغان.

ئۇرىغىنى ئىلىمنىڭ،
چاچقان بوۋاڭ جاھانغا.
ئۇنىڭ ياققان مەشئىلى،
مىراس قالغان داداڭغا.

ئەمما بىر چاغ باغلىنىپ،
ئىككىمىزنىڭ تىلىمىز،
تەلپۈنەتتى زىنداندا،
مەرىپەتكە دىلىمىز.

يۇرتىمىزغا قايتىدىن،
باھار يېنىپ كەلگەندە؛
كۆرەش، ئەمگەك مېۋىسى،
تەنگە مادار بەرگەندە؛

كورۇپ سىنى مەردىپەت،
بۇلىغىنىڭ بويىدا ؛
كورۇپ نۇرلۇق، پايانسىز
كەشپىياتنىڭ يولىدا؛

بولدۇم گويا كورگەندەك ،
بەختى كۆلگەن ئۈممىتنى.
يولاتىمغىن نەۋباھار،
شۇ ئۈممىتكە بۇلۇتنى.

1983 - يىل 20 - ئاۋغۇست. قەشقەر

# شېئىرلار

ئابدۇسەمەت خېلىل

## ئاق چېچەك

دوستۇم، مېنى " قېرىپسەن " دېدىڭ،
قىراۋ كەبى چېچىمغا قاراپ.
ياقماي كېپىك، بولدۇم غۇژژىدە،
رەنجىش ھېسسى تېنىمگە تاراپ.

بىلسەڭ، چېچىم ئاقلىقى— ئۆمرۈم-
دەرىخىدىن ئېچىلغان چېچەك.
شېرىدىن مېۋە تۇتىمەن ئەلگە،
بۇ — مەن ئۈچۈن چېن بەخت دېمەك.

## كىتاپ

كىتاپ گوھەردىن قىممەتلىك ماڭا،
سويدۇممەن ئۇنى دىلدىن ئېزىدىلاپ.
ۋاراقلىغاندا ھەر بىر بېتىنى،
خوشلۇقتىن دىلىم كېتەدۇ يايراپ.

كىتاپ ئوقۇسام، تەپەككۇر قۇشۇم
خۇددى لاچىندەك قاقىدۇ قانات.
نامايان بولۇپ گۈزەل كىلىچەك،
كۈلۈپ باقىدۇ بەختىيار ھايات.

كىتاپ ئەقلىمنىڭ ئوچمەس چىرىغى،
بېغىشلىغانىمەن ئىشقى - مېھرىمنى.
ئۇ بىلىم بەرگەن بايلىغىم - كانىم،
ئۈزمەيمەن ھەرگىز سويگۇ رىشتىمنى.

كىتاپ چول كەبى تەشنالىغىمنى،
قاندۇرار دائىم بولۇپ بىر بۇلاق.
ئۇندىن ئايرىلسام سېزىمەن ئوزوم -
سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك چاڭقاق،

كىتاپ يورۇتار قەلبىمنى رۇشەن،
گويا نۇرىنى چاچقاندەك چىراق.
ئاشۇ چىراقنىڭ پەرۋانىسىمەن،
كوڭلۇمدە ئاڭا يانار ئىشتىياق.

كىتاپتىن ئېلىپ قەلبىمگە ئوزۇق،
ئايلانسام ئۇلۇغ بىلىم ئەھلىگە.
يېتەتتىم شۇ چاغ ئارمانلىرىمغا،
پەرھات يەتكەندەك شىرىن ۋەسلىگە.

## پارچىلار

تەكەببۇر بولمىغىن زىنھار، تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت،
كىشىنى ئىلمىساڭ كوزگە، ياغار جەزمەن ساڭا نەپرەت.
« ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى » دەپ ئوزەڭنى چاغلىساڭ ئۈستۈن،
سېنى كىممۇ قەدىرلەپ چىن، قىلۇر ھەر دائىما ئىززەت؟

× ×

تەمەننا ئىلكىدە يۈرمەي ھېمىشە ئەلگە قىل خىزمەت.
كېلۇر شۇ تەرزۇ ئەجرىڭدىن ۋەتەن ـ خەلقىڭگە شان ـ شوھرەت.
بېشىڭ گەر يەتسىمۇ كوككە ئوزەڭنى كەمتىرىن تۇتقىن،
ئۇلۇغلۇق كەمتىرىنلىكتە، كورەڭلىكتىن كېلۇر ھەسرەت.

× ×

ئىناقسىزلىق ئەڭ ناچار ئىللەت،
كەلتۇرەر ئۇ، خارلىق ۋە كۇلپەت.
گەر بولمىساق ئۇيۇلتاش كەبى،
قانداق راۋاج تاپار ئەل ـ مىللەت؟!

× ×

« مەنسىۋىم بار، ئابرويلۇقمەن » دەپ،
كىرىلىپ بەك، كورەڭلىمىگىن.
سىنىلىدۇ ئابرويى ـ ھورمىتىڭ،
مەنسىۋىڭدىن چۈشكەندىن كېيىن.

× ×

باشلىق بولماق نەپ ئۇچۇن ئەمەس،
ئەل بىلەن بول دائىم ھەمنەپەس.
چېقىلسىمۇ ئالتۇن تاۋىنىڭ،
ئاۋام سېنى ھەرگىز يەكلىمەس.

× ×

ئەجىر قىلىپ ئۇستۇرسەڭ كوچەت،
ھوزۇر بېرەر ئۇنىڭ مىۋىسى.
رەھمەت ئوقۇپ يادلار نامىڭنى،
بەھرىلەنسە ئەۋلات كەلگۈسى.

× ×

ھاياتلىقتا ياخشى ـ يامانلىق،
بىر ـ بىرىگە قارمۇ ـ قارشى يول.
يامانلىقنى زاۋال تاپقۇزۇپ،
ياخشىلىقتىن ئالغىن مول ھوسۇل.

× ×

قارنى تويار نەپسى يامانىنىڭ،
لېكىن كوزى تويماس ئەبەتكە.
تويمىسا كوزى تىرىك چېغىدا،
تويارمىكىن تاڭ كىرسە لەھەتكە.

AltunOgh

# ئىككى غەزەل

يالقۇنجان ئىسلام

## 1

بوۋام مەخمۇت ياشاپ ئۆتكەن گۈزەل قەشقەر دىيارى بۇ،
گۈزەللىك ئىشقىدا كويىگەن كۆڭۈلنىڭ ئىنتىزارى بۇ.
"بىلىك"نامىدا چاقنايدۇ شەرقنىڭ شوھرىتى، شانى،
ۋەتەننىڭ باشىغا زەر تاج، گويا ئالتۇن مۇنارى بۇ①
ئۇتۇنچى كەپىسى بولدى مۇقامنىڭ چەشمىسى ئۇيناق،
ئۈچۈن-ناخشا-ئۇسۇل، سەنئەت كى شۇنچە دىل خۇمارى بۇ.
بىلەن گۈمنام سوزى ئېيتسام "نەھاجەت ھەججى ئەكبەر كىم"②
زىيارەت ئىزدىگەنلەرنىڭ بۈيۈك بەيتۇل، مازارى بۇ.
جۇدالىق دەردىدە يىغلاپ نازارى ئاھ ئۇرۇپ ئۆتتى،
مۇھەببەت ئەھلىگە ۋىجدان، ۋاپانىڭ تىل تۇمارى بۇ.
بىلەن نۇرلۇق تېگى ئەلنىڭ ياشاردى گۈللىدى يۇرتۇم،
باھار بوستانىنىڭ سولماس، كېلىشكەن بىر چىنارى بۇ.
دىلىمدا ئىپتىخار چەكسىز، شۇ يۇرتنىڭ ئوغلى بولغانغا،
ئۈچۈن يالقۇن ئومۇرۋايەت سۆيۈملۈك دىلفىگارى بۇ.

## 2

يوقتۇر جاھاندا سەن كەبى بىر يار قەدىردان ئىزدىسەم،
مانەندە ئى بولبۇل بولۇپ گۈل ئىچرە رەيھان ئىزدىسەم.
ئامرىغىم، چىرايلىغىم سويگەن نىگارىم سەن مېنىڭ،
بىرلە پەرھات ئىشتىياقى ئوزۈمگە جانان ئىزدىسەم.
بارمىدۇ ئالەمدە سەندەك ئۈز، كىلىشكەن مەھلىقا.
شانۇ شەۋكەت تەختىدە بولماقنى سۇلتان ئىزدىسەم.
باغىرىڭ پىرداۋسى جەننەت ئىھ! نازى نىممەت كانى بۇ،
سەيلىگاھىم يوق سېنىڭدىن ئوزگە رىزۋان ئىزدىسەم،
نەقلاي جەمشىت سۇلايمان خەزىنىسىنى ئاختۇرۇپ،

---

① ئالتۇن مۇنار، مىسىردىكى ئەل ئەھرام كوزدە تۇتۇلىدۇ
② گۈمنام غەزەللىرىدىن پارچە

تاغ ـ تاشلىرىڭنىڭ ئالدىدا زەر ، دۇررى مارجان ئىزدىسەم
ساپ هاۋا،زۇمرەت سۇيۇڭ ئاچار كوڭۇللەر بەهرىنى،
لۇقمان ماڭا لازىم ئەمەس ، دەردىمگە دەرمان ئىزدىسەم.
خەلقىم مېنىڭ ئەمگە كىسۇيەر ، باتۇر ئېقىللىق ، قەهرىمان،
شۇهرىتى تىللاردا داستان ئول شاهى مەردان ئىزدىسەم .
بولغىنىم ئوغلۇڭ سېنىڭ قەشقەر ئۇلۇغ بەختىم مېنىڭ،
چېكىمەن سەنچۇن جاپا كۆلمەكنى خەندان ئىزدىسەم.
يالقۇن ئۇچۇن بولماس راۋا ، ئەتسە هەرەمگە هەج ـ سەپەر،
قىلىمەن تاۋاپ سېنى گەر بەيتى ، بۇرهان ئىزدىسەم.

# ئىككى غەزەل

ئابدىراخمان ناۋايى

1

قەدىناسىم ساڭا مەندەك ۋاپادار ئاشىنا ياخشى ،
ماڭا هەم سەن كەبى دىلكەش كويۇمچان دىل رابا ياخشى.

نەهاجەت سەن تۇرۇپ گۇلناز، يانا غەيرىنى سويگەندىن،
قەسەم " بىللا " ئولەي شۇدەم، ياتارغا گور ـ مازار ياخشى.

مىنى دەپ بەزىدە دىلبەر يولۇقسام جەبرى كۆلپەتكە،
مالال بولماس دىلىم هەرگىز، ماڭا جەبرۇ ـ جاپا ياخشى.

كوڭۇل مۇلكىم ساڭا كەڭرى، لىكىن ياتقا ئورۇن يوقتۇر،
بۇ مەرتىلىك بابىدىن يانسام، قەبى پۇتمەس بالا ياخشى.

چۇشەنگەچ ئېستقادىمنى دىلىڭدىن چىن ئورۇن بەردىڭ ،
ئۇنوتسام گەرقارا يۇزمەن، ماڭا قەهرى جازا ياخشى.

سىنىڭ بەختىڭ ـ مىنىڭ بەختىم، سىنىڭسىز شۇم قارا بەختىم،
دىلىمدىن چىن قارارىم شۇ، ماڭا ئەهدى ۋاپا ياخشى.

2

كويدۇم دەپ كويۈۋەرمەڭ، كويەكنىڭ دارىسى يوقتۇر،
كوچا ـ كـويدا داۋا ئىزدەپ تېپىشنىڭ چارىسى يوقتۇر.

نىگارنىڭ رەنجىشىدىن كىم دىلىدا سەزسە زار قايغۇ،
ئۇنى ئەل دىمىگەي ئەركەك، ۋاپاسىز نامۇسى يوقتۇر.

بۇ ئىشنـى سەن ئوزە چاغلاپ، كـوڭۇلنىڭ كەينىگە كىرسەڭ،
مالامەتتە ئوتەر ئومرۇڭ ھاياتنىڭ راھىتى يوقتۇر.

ئىنايەت ئەيلىسە دەۋران تېپىپ كويسەڭ ۋاپادارغا،
كوڭۇل ئوسكەيكى شەمشاتتەك، يۈرەكنىڭ نالىسى يوقتۇر.

كەبى زۇھرايى، شىرىندەك يولۇقساڭ يارى جانانغا،
يولىدا جان بىرىپ ئولسەڭ ئۇنىڭدىن شاتلىغى يوقتۇر.

ناۋايى ئازمىغىن كويگەن، ئوزەڭ سويگەن شۇيارىڭدىن،
ئەگەر سەن قەدرىگە يەتسەڭ بۇنىڭدىن تاتلىغى يوقتۇر.

## مۇخەممەس

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

يېتىشتۇردى دىيارىم قانچە مەرتنى پاسىبان ئەيلەپ،
چىناردەك بەرگى سۇلماس گاڭ سۇپەت ساھىپقىران ئەيلەپ.
گۇلۇستانغا چېچىپ رىشتىنى، ئايرىلماس ماكان ئەيلەپ.
ۋەتەن ئىشقىنى كۇيلەشكە، يەنە شىرىن زابان ئەيلەپ ،
بۇلاقتەك دىلدا مېھرىنى، ئاقار دەريا قىيان ئەيلەپ.

تۇغۇلدى قاش ئىقىندۇر دانىسىدىن بىر ئىسىل گوھەر،
قارا تۈن باغرىدا ياندى، يورۇقلۇق يۇلتۇزى ئەختەر،
ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەمدۇر، ئەقىل ئىدراكى ئەنگۇشتەر،
زەبەردەست قامىتى قارىغاي، جۇدۇندا تەۋرىمەس قەيسەر،
يىگىتلەر سەر خىلى، بەلكى سۇلتانى جاھان ئەيلەپ.

سۈيۈپ مەسلى بولۇپ تاھىر، ئانا تۇپراق دىيارىنى،
كى، زوھرادەك چىمەنگاھى، ئالاتتى ئەختىيارىنى،
كورۇپ تولغاندى يارىنىڭ، ئەلەملىك گۈل ئۈزارىنى،
زۇلۇم ئىسكەنجىدىن بىزار، يورۇقلۇق ئىنتىزارىنى،
بوزەك تاپقان زوراۋانلار، ئەشۇنداق ناتىۋان ئەيلەپ.

قەلەم تۇلپارىغا مىندى، چېپىپ جەڭگاھقا چۈشمەككە،
ئېچىپ مەككار شۇ مەلئۇننىڭ، ئىجىس سىرىنى يەشمەككە،
ئەجەللىك ئوق بىلەن چەنلەپ، ئېتىپ تەككۇزدى كوكرەككە،
جاھالەت تەختىنى گۇمران قىلىپ، مەڭگۇگە كوممەككە،
دىلدامىڭ قەسەم بىلەن، يىشىلمەس چىڭ پىلان ئەيلەپ.

چىچاڭلاپ قۇترىدى دۇشمەن، يېخىرغا تۇزنى سەپكەندە،
"يوقال كەلمەسكە يۇتكىن" دەپ، غەزەپتە بەلگە تەپكەندە،
يېنىپ نەپرەت ئوتى، گۇلخان بولۇپ پەلەككە يەتكەندە،
ئادالەتنىڭ ئۇنى ياڭراپ، پۇتۇن ئەلەمگە كەتكەندە،
غۇچۇرلاتتى بىلەپ چىشنى، رەقىپ پەيلىن يامان ئەيلەپ.

پىسەنت قىلماي توساق ـ داغا، ئېقىپ ئوركەشلىدى قاينام،
مەدەتكار بولدى جانانىڭ، ۋىسالىدىن قۇيۇلغان جام،
بوسۇلدى چاك ـ چىكى ئاجراپ، زۇلۇم بىلەن سوقۇلغان تام،
جىنى كەپ قالدى بوغزىغا، بولۇپ بەربات خىيالى خام،
ئىقاپتىن چىقتى، ئەپتىنى زەھەر يۇتقان چايان ئەيلەپ.

يىراققا پالىدى مەرتنى، ئېلىپ ئاخىر نەزەر بەنتكە،
قىزتتى جەڭنى ئۇ شۇندا، يېقىپ يالقۇن يېڭى سەپكە،
تېپىرلاپ قالمىدى هالى، قېلىپ دۇشمەن ئەلەم ـ دەرتكە،
ئەجەل ئىلاھىنى چىللاپ، بېسىپ تامغا سۇيىقەستكە،
يوقاتماق بولدى غۇنچىنىڭ، باھارىنى خازان ئەيلەپ.

كېشەن بىلەن توسۇپ بولماس، نىشانغا ئاتلىغان پۇتنى،
سېلىپ كويزا بوغۇپ بولماس، يۇرەكتىن ئوخچىغان ئوتنى،
كومۇش تۇبراققا مۇمكىنمۇ، نۇرەپشان لەئلى ـ ياقۇتنى،
ئىچۇك يەڭسۇن خۇنۇك قۇزغۇن پەلەك قەھرىدە بۇركۇتنى،
سېلىپ دەھشەت ئۇنىڭ روھى، رەقىپ باغرىنى قان ئەيلەپ.

قىلىچ ئالدىدا مەڭسىتمەي، ئۇلۇم تەھدىدىنى ئەسلى،
كورۈندى يالتىراپ جادۇ بېسىدا يارىنىڭ ۋەسلى،
ئىدى ئۇ مەڭگۈ ئۇچمەس نۇر، غەيۇر ئەجدادىنىڭ نەسلى،
چىچەكلەپ خۇش پۇراق چاچقان، ئەبەدتكە ھەم باھار پەسلى،
ۋەتەن سويمەكنى ئەۋلاتقا، جاكاسىدا ئايان ئەيلەپ.

تىزىلغان بىھىساپ گۈللەر، يۈرەكنىڭ ئىپتىخارىدىن،
يىپىلغان گۈل ھىدى كەتمەس، ئۆمۈرۋات قەۋرىگاھىدىن،
تۈمەن بۇلبۇل ناۋاسىدا، ئىتەريات ئىھتىرامىدىن،
مۇتەللىپ نامى ئۇچمەيدۇ، پۈتۈلگەن تىل تۇمارىدىن،
غۇبارسىز پاك جامالىنى، جاھانغا داستان ئەيلەپ.

xxxxxx°•°°•°°•°xxxxxx

# قەرز قالغان توي ھەققىدە قىسسە

تۇرغان شاۋۇدۇن

ھەجەپ ئوبدان زامان بولدى،
كوكۈللەر شادىمان بولدى.
ئازات ئەمگەك ماكانى يۇرت،
بەخت ـ راھەتكە كان بولدى.

توكۇپ تەر ئىشلىگەن دىخان،
كوتەردى قەد، تېپىپ زور شان.
ئېلىپ نەپ ئەجرىدىن ھەر كىم،
خوشال يايرايدىغان بولدى.

يىمەك ـ كىيمەك غېمى يوقتۇر،
كوكۈل كەلگۈسىدىن توقتۇر.
كۈنى ـ تۈن قىلسىمۇ ئەمگەك،
بىلەك تالمايدىغان بولدى.

توكۇپ تەر ئىشلىسەك قانچە،
سۈرەرسەن پەيزىنى شۇنچە.
چىۋەر ئەمگەكچىگە بايلىق
تەبىئى ئونىۋان بولدى.

دىسەك: تارتماي جاپا ھەرگىز،
جاپالىق ئىشلە، پۈكمەي تىز.
جاپالىق ئوتكىلى ئىشنىڭ،
راھەتكە ئىمتىھان بولدى.

شۇ شاتلىق پەيزىدە يايراپ،
ھامان ھىسسىياتلىرىم قايناپ.
جىدى كەچمىشلىرىم شۇ دەم،
كوز ئالدىمدا ئايان بولدى.

× ×

ئىدىم مەن ئەسلىدىن دىخان،
ئىش ـ ئەمگەك قوينىدا پىشقان.
ئەزەلدىن يەڭ تۈرۈپ ئىشقا،
بولۇپ كەلدىم جەسۇر ـ پەلۋان.

نىشانىم ئەلنى گۈللەشتى،
شۇ سايان ئالغا ئورلەشتى،
مۇناسىپ ئارزۇ ـ ئەھدىمگە،
ئىدى زور تەندىمۇ دەرمان.

دىمەستىم چارچىدىم ـ تالدىم،
دىمەستىم يالىڭاچ قالدىم،
باراتتىم ئالدىدا ھەر چاغ،
بىرىلسە نىمە دەپ پەرمان.

لېكىن بىلمەپتىمەن باشتا،
ئۈنۈم يوق قىلچىمۇ ئىشتا،
خىجىللىق ئارتتى تۇرمۇشتا،
مېنى بەك قالدۇرۇپ ھەيران.

ئىشەنچ ـ ئەقىدىمىز تۇققا،
بولۇپ ئالۋاستىغا تۇتقا،
قىلىپ لاي سۇپ ـ سۈزۈك سۇنى،
بىلىق تۇتماقتىكەن شەيتان.

بىراق تەستۇر ئۇنى ئېيتماق،
كىم ئېيتسا سېلىنار سىرتماق،
سىقىلدى دىمى ھەر كىمنىڭ،
ئەلەمدىن قەلبى بوپ گۇلخان.

تاقالدى يولى تۇرمۇشنىڭ،
سوردىن شۇ تۇمۇر مۇشنىڭ،
دىخاننى قۇچتى قاشاقلىق،
بولۇپ زور ئىگىلىك ۋەيران.

مۇناسىپ ئەھلى ئىنسانغا،
ياشاش يات بولدى دىخانغا،
نىمە پۇل؟ كورمىدى يىللاپ،
تويۇپمۇ يىمىدى ئاش ـ نان.

× ×

« ئىككەككە يولۇقار دوقاق »
دىگەندەك ماڭا نەق شۇ چاغ،
كېلىپ دۈچ سالدى تەڭلىككە،
بالامنىڭ توينى قىلماق.

قېتىپ باشنىڭ ئىچى ـ تېشى،
دېمىمنى قىستى ئەندىشى،
كۈن ئالماق شۇنچە تەس تۇرسا،
ئاسانمۇ يۇرتقا چاي قويماق.

لېكىن ئاسان ئەمەس ئاندىن،
قېچىپ ئۇتمەكلىكىم ياندىن،
ئاتالىق قەرزىدۇر ئەسلى،
يىگىت چوڭ بولسا توي قىلماق.

ئادا بولسا ئاتا قەرزى،
خوشال كۆلمەمدىغان قەلبى،
شۇڭا توينىڭ غېمى شاتلىق ـ
بىلەن دائىم بولۇر ئورتاق.

شۇڭا قىلماق ئۇچۇن توينى،
پۇكۇپ كوڭلۇمگە بىر ئوينى،
قەدەم قويدۇم قۇدام ياققا،
بولۇپ يېڭىچە شەرت قويماق.

دىدىم مەن: ئەي قۇدا ئاڭلاڭ،
بۇ قاتقان باشنى تېز ئوڭلاڭ،
قولۇمدىن كەلسە بۇ تويغا،
كېرەكتى نەچچە قوي سويماق.

قولۇم قىسقا، تولا دەردىم،
چېچىمدىن تولا ھەم قەرزىم،
بىرەلمەسمەن شۇڭا ۋەدە،
قىلىشقا توي چېلىپ دۇمباق.

ئادا قىلماققا بۇرچۇمنى،
بىرەيمەن سىزگە ئوغلۇمنى،

ئۇنىڭسىز تەس ئىكەن ھازىر،
ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشماق.

قۇدام ئالدى كوزىگە ياش،
قىلىپ دەرتمەن دىلىنى پاش،
دېدى: بىزگە ئامال قانچە،
بوغۇپ تۇرسا زامان شۇنداق.

ئىجازەت شۇ بوغاي بىزدىن،
ئېلىپ خەتنى ئۇلار تىزدىن،
تۇتۇپ بىر ئۇينى جىمجىتلا،
ھاياتنى باشلىسا قانداق؟!

قۇدامنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ،
يۇرەك ئوركەشلىدى يايراپ،
دېگەندەك بولدى بۇ خۇددى،
" قاراپ يوتقانغا پۇت سۇنماق".

بىراق شۇ چاغدىكى شاتلىق،
بولۇپتۇ ئەسلى ۋاقتلىق،
ھامان بولمايدىكەن ئىشلار،
قارشىلىقسىز، ئاسان ئۇنداق.

× ×

قۇدام كەلدى شۇ كۇن كەچتە،
چىرايى زەپىران ـ خەستە،
توكۇپ ياش كوزىدىن ئۇزمەي،
دېدى شۇ سوزنى مىڭ تەستە:

كەچۇر دوستۇم، يامان ئەھۋال!
ئايال ئاڭلاپ، قىلىپ جاڭجال،
ياقامغا قول سېلىپ تىللاپ،
بوۋامنى كورسەتتى بىرپەستە.

دېدى: "يوق خارلىققا قالغان قىز،
باقالماي ئارلىقتا قالغان قىز،
ئۇ قىممەت مەن ئۇچۇن جاندىن
ۋە جاننى باغلىغان رىشتە.

ئەگەر چىقسا ئاڭا لايىق،
بولۇپ ئەنئەنىگە سادىق،
قىلىپ توي داغ ـ دۇغا قىلسۇن،
ھامان ساقلانغىدەك ئەستە ..."

قويايلى شۇڭا بۇ ئىشنى،
بېسىپ مەھكەمرەك چىشىنى،
كۇتەيلى ياخشى كۇنلەرنى،
كېتەر بۇ كۇنمۇ كەلمەسكە...

× ×

كېلىپ شۇ ئىش ماڭا بەك ھار،
تۇيۇلدى بۇ جاھان ھەم تار،
ئېغىر كەن بەكمۇ يوقسۇللۇق،
ئىكەن يوقسۇلمۇ خەستىن خار.

بېرىپ تەقدىرگە تەن ئاخىر،
قىلالماي دەرتنى ھەم زاھىر،
ئويۇمدا مۇكۇنۇپ ياتتىم،
بولۇپ غەم تېغىدىن بىمار.

ئىدىم مەن رازى شۇ دەمدە،
پېتىپ ياتقۇنچە دەرت ـ غەمگە،
يۇمۇلسا-يۇ كوزۇم دەرھال،
يېنىپ كوز ئاچمىسام زىنھار.

تۇگەپ پۇتمەپتىكەن لېكىن،
مېنىڭ تارتار ئەلەم، غېمىم،
قېچىپ ئوغلۇم شۇ قىز بىلەن،
قوشۇلدى دەرتكە دەرت بىسيار.

كېلىپ قىز ئانىسى دەرھال،
چىقاردى بەكمۇ چوڭ جاڭجال،
دېدى: يوشۇرمىغىن قىزنى،
تېپىپ بەر ماڭا ئەي مەككار!

بولۇپ دىل غەش، يۈرەك پارە،
تاپالماي ئۆزگىچە چارە،
تىپىپ كەلمەككە بالىلارنى،
سەپەرگە باغلىدىم زۇننار.

ئۇلارنى تاپقىچە ھەيھات!
دىدىم مەن نەچچە رەت ۋاي دات!
لېكىن ئاندىنمۇ كوپ بولدى،
بېرىپ تاپقاندىكى ئازار.

قىلىپ بىر ئىككىسى گەپنى،
ئېلىپ پىنھانە توي خەتنى،
قېچىشقانكەن قوشۇشقا باش،
قىلىپ بىر كولبىنى تەييار.

بۇ ئىش تۇغدۇرسىمۇ غەشلىك،
نەھاجەت ئۇنى سوكمەكلىك،
قىلار بۇ بىئامال خەقنىڭ
ئەلەم، ئىسيانىنى ئىزھار.

ئېشىپ ھىسداشلىغىم چەكسىز،
ئۇلارنى قوللۇدۇم شەكسىز،
ئىناقلىق ھەممىدىن قىممەت،
ئۇنۇڭسىز نىمە شاتلىق بار!

دىدىم: قوغلاپ غەمۇ ـ ئوينى،
تۇتۇڭلار بەخۇدەك ئوينى،
ھامان كەلگۇسىدە چوڭ توي
قىلىپ بەرمەككە مەن تەييار.

قەرز قالسۇن شۇڭا بۇ توي،
كۇلەر ئىقبال ئاخىر خۇشخۇي،
بۇ ئالەم قىسمىتى شۇنداق:
ئېرىپ قار، يەر يۈزى ياشنار.

× ×

ئېرىپ قار، يەر يۈزى ياشناپ،
مانا ھەر ياندا گۇل چاقناپ،
ئېلىپ كەلدى باھار يۇرتقا،
يېڭىچە خۇش ھاۋا باشلاپ.

چۇشۇپ ئارامىغا كوڭلى،
يېڭى مەنا تېپىپ ئومرى،
كىرىشتى بارچە خەق ئىشقا.
يېڭىچە چوڭ قەدەم تاشلاپ.

ئېلىپ ئۆز ئىلكىگە يەرنى،
ئايانماستىن توكۇپ تەرنى،
ھوسۇلنى مول ئاۋۇتقاننىڭ
كېلىشتى ئامىتى قوشلاپ.

كۇلۇپ ھەممە خوشال شادىمان،
دېيىشتى: كەلدى ھور دەۋران،
قىلايلى تېخىمۇ غەيرەت،
روناق تاپماق ئۇچۇن ياشناپ.

× ×

بەرىكەت ياغسا دەۋراندىن،
كېلەر ئامەتمۇ ھەرياندىن،
تېپىپ پۇل مەنمۇ رۇسلاندىم،
ئېلىپ نەپ بارچە ئىمكاندىن.

قىلىپ دولەت ئۇچۇن تارتۇق،
سېتىپ ئاش نورمىدىن ئارتۇق،
يەنە كوپلەپ كىرىم قىلدىم،
بېغىمدىن ـ سەي ۋە ئورماندىن.

تۇغۇپ ھەر بىرى جۇپ ـ جۇپتىن،
قويۇممۇ ئاشتى ئون توتتىن.
يېپىشكە يوق ئېغىز ئەمدى،
ئۇزۇلمەس ئويمۇ گوش، ناندىن.

شۇئان ئەسكە ئېلىپ توينى،
يېتەكلەپ ئىككى ـ ئۇچ قوينى،
قۇدامنىڭ ئويىگە باردىم،
قىلارغا مەسلىھەت ئالدىن.

كۆلۈپ ئايال قۇدام شادىمان،
يېيىپ ئالدىمغا مول داسقان.
دىدى: "ئۇ چاغ نادانكەنمەن،
ئىكەنمەن ھەم تادان ئاندىن.

ئەمەسكەن بىز ئۇچۇن مەنسۇپ،
شۇ چاغ قىلغان سوزۇم كوپچۇپ،
دىسەم ھەزدەم: "خاتا قىلدىم"
دىلىم كويەر پۇشايماندىن.

ئامال يوق، ئوتتى ئوتكەن ئىش،
سالالماس بىزگە ئۇ تەشۋىش.
قارايلى ئالدىغا ئەمدى،
ئېلىپ كۆچ يېڭى پەرماندىن.

پۇكۇپ دىلغا سىياسەتنى،
قويايلى كوپ ھەشەمەتنى،
ھەشەمەت بولمىغاي ئولچەم،
ئوتەرگە چارە تۇققاندىن.

دىسەك خەجلەيلى ئازدۇر ـ كوپ،
بېرەيلى ئويىنى جابدۇپ،
ئۇلارلا شات ـ خورام ئوتسە،
چىقارمىز بىزمۇ ئارماندىن..."
× ×

قۇدامنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ،
ھاياجاندىن يۈرەك يايراپ،
تۇرۇپ قالدىم قىلالماي گەپ،
قۇدامغا نىمە دەي شۇ تاپ؟!

كىزىپ قەلبىمدە بىرلا ئوي،
دىدىم: بۇ زادى قانداق روي.
قۇدامنى نىمە ئوزگەرتتى،
سوزى ساز، مەنىلىك ھەم باپ.

ئاخىر تاپتىم ئۇنى ئويلاپ،
ۋەتەن ماڭغاچ زەپەر بويلاپ،
بېيىپ مەنىۋى ياقتىنمۇ،
روناق تاپتى خەلق قوشلاپ.

شۇڭا ئىسىل ئەدەپ ـ ئەخلاق،
بولۇپ ئەلگە ئۇدەم ھەر ۋاق،
يېتەكلەپ ماڭدى ھەركىمنى،
يېڭىچە غايىگە باشلاپ.

باسالماي شۇڭا قەلبىمنى،
خوشال كۈيلەپ بۇ دەۋرىمنى،
قۇدامغا ياغدۇرۇپ ئالقىش،
دىدىم: رەخمەت، ياشاڭ-ياشناپ!

~~~~~~o◆oo◆oo◆o~~~~~~

# ئىككى شېئىر

ئەيسا سايىم

## ئورگىلەي

گۈل يېزام، دەۋرىمدە تاپقان قۇدرىتىڭدىن ئورگىلەي،
باغدىكى ئەنجۇر ـ ئانارىڭ ـ شەرۋىتىڭدىن ئورگىلەي،
شۇنچىلا تېز قەد كوتەرگەن سۇرئىتىڭدىن ئورگىلەي،
توز قاناتىدەك ياسانغان زىننىتىڭدىن ئورگىلەي،
باشتىن-ئاخىر داڭ چىقارغان شوھرىتىڭدىن ئورگىلەي.
~~~~~~

توغرا تەدبىردىن دىخاننىڭ دىللىرى شات يايرىدى،
بولدى جەڭ مەيدانى باغرىڭ، ئۇندا ئەمگەك قاينىدى،
باغدا بۇلبۇللار قاقاھلاپ خۇشناۋادا سايرىدى،
ئىشلىگەنلەر ئەمگىگىدىن گوش بىلەن ياغ چاينىدى،
شۇ قەدەر تاپقان كامالەت قۇربىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

تەر بىلەن بولدى گۇلۇستان قۇملىغىڭ - بارخانلىرىڭ،
زەپمۇ كورکەم قەد كوتەردى ياپ - يېشىل ئورمانلىرىڭ،
پاختا، ئاش، مايلىققا تولدى قوينى كەڭ خامـانلىرىڭ،
ئەجرىدىن تاپتى سائادەت گاڭ بىلەك دىخانلىرىڭ،
شۇ ھالال تەردىن ياسالغان جەننىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

بولدى تاغ چەشلەر مۇنارى، توخشىدى بۇغداي، قوناق،
ئىشلىگەن ئالدى دارامەت، ئەجرىدىن تاپتى روناق،
چومدى شاتلىق قاينىمىغا ياش - قېرى، ئوسمۇر - بوۋاق،
قولنى - قولغا چىلىڭ تۇتۇشتى بارچە مىللەت ئوم - ئىناق،
جەڭدە - ئەمگەكتە ياراتقان بەركىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

ئەھ يېزام ھوسنىڭگە باقسام بەخش ئېتەر دىلغا ھوزۇر،
ئەجرى قىلغاننىڭ بۇگۇنكى بايلىغى تاغدىنمۇ زور،
يەرلىرىڭ بەرقۇت مىسالى شۇنچە ئۈز، كورکەم - پۇزۇر،
سىنچىلاپ كورسەم ئىشىڭدىن سەزمىدىم ھېچبىر قۇسۇر،
مـول ھـوسۇلدىن ئەلگە بەرگەن رىغبىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

## دوستۇمغا

پەندىن ئۆزگە بولسا يارىڭ، ئومۇرلۇك يارىم دىمە،
بەرمىسەڭ كوڭلۇڭنى پەنگە «تەندە بارجانىم» دىمە.

شوھرىتىڭ ھەر قانچە ئۈستۈن بولسىمۇ ئالەم ئارا،
پەنگە يات شوھرەتنى ھەرگىز چوڭ شەرەپ - شانىم دىمە.

قانغىدەك ئىچسەڭ شاراپنى ئىلمۇ - پەننىڭ جامىدىن،
دىل غەزىنەڭ لىق تولار بايلىققا، يوق مالىم، دىمە.

بولبۇلى شەيدا بولۇپ سايرا ئىلىم - پەن باغىدا.
ئۇندىن ئۆزگە باغنى ئەسلا گۇل - گۇلۇستانىم دىمە.

تۇت گۈزەل جەننەت قۇرۇشچۇن پەننى ئۇچقۇر ئات قىلىپ،
ئۈگىنىپ قىلغىن ئىجات، بۇ يولدا سەن ھاردىم دىمە.

# ئىككى شېئىر

مەتتوختى ئەخمەت

## ئانا قەدرى

قايسى ئانا پەرزەنت ئوتىدا،
پەرۋانىدەك كويمەيدۇ دەيسەن؟
قايسى ھەتتا مېيىپ بالىسىن،
جان قوزام دەپ سۆيمەيدۇ دەيسەن؟

قارغا: "بالام ئاپپاق" كىرپىمۇ:
"بالام يۇمشاق "دەيدۇ نىمىچۈن؟
ئانا شۇنداق پەرزەنت غېمىگە
بېغىشلايدۇ ئومرىنى پۈتۈن.

ئاچچىق تولغاق ھىساۋدىن قىلىپ،
پەرزەنتىدىن ئوچ ئالماس ئانا.
تا ئولگىچە پەرزەنتىنىڭ غېمى،
رودۇپايدەك يۆكلىنەر ئاڭا.

ئويلا دەسلاپ (تۇغۇلغان چېغىڭ)،
ئەشۇ بويۇڭ بارمىدى سېنىڭ؟
ئانا ئايرىپ قېنىدىن ئاق سۈت،
بەرگەن ئۈچۈن ياشارغان جېنىڭ.

سەن بىلمەيسەن، كېچە ـ كېچىلەپ،
كىرپىك قاقماي چىققان شۇ ئانا.
سەن ئۇخلىغان باغرىدا ئۈنىڭ،
ئۇ راھەتنى ئوتۈنگەن ساڭا.

چۇشۇرمەيدۇ قولىدىن كۈندۈز،
ئەللەي ئېتىپ بەزلەر سېنى تۈن.

ئادالايدۇ زاكاڭنى مېھرى،
ئاڭا ئارام يوقتۇر كۈنۈ ـ تۈن.

" جان تورەلدى ـ جېنىم تورەلدى"
دەپ شاتلىنار، سۆيۈنەر ئانا...
بوي تارتىسەن ـ چوڭمۇ بولىسەن،
ئويلىمايسەن بۇ ئىشنى مانا.

سەكپارە بوپ سېنىڭ دەردىڭدە،
تارتقان جاپا ساڭا بىلىنمەس.
نەزىرىڭدە شۇنداق تۇغۇلدۇڭ،
غادىيىسەن، گەۋدەڭ ئىگىلمەس.

ئوغۇلسەنكى، راسا بەد قىلىق،
كەيپى ـ ساپا ھۈنىرىڭ بولدى.
بىھورمەتلىك قىلىسەن ئاڭا،
ئانا قەلبى زەرداپقا تولدى.

گەر قىز بولساڭ، ئۆمتكە نا باپ ـ
غەيرى قىلىق چىقارديڭ، تووۋە.
دەيدۇ ھەركىم: "ئەي كوزۇم ئەشۇ
قىزنىڭ ئوسال پەيلىنى كورمە.."

سەن تۆپەيلى ئەل ـ يۇرت ئارادا،
يۈزى تووەن بولغاندا ئۈنىڭ؛
كوتىرەمدۇ ۋىجدانىڭ، تاڭەي،
ھىچ ھىساۋى بولمامدۇ بۇنىڭ؟

خاتالىقتىن تولۇپ پەيمانەڭ،
سوت ئالدىدا تۇرساڭ مۇكچىيىپ؛
نىمە بولۇپ كېتەر شۇ ئانا ،
يۈرەك ـ قەلبى دەرتتە مۇجۇلـۇپ؟

ئەگەر چىقساڭ شان ـ شەرەپ بىلەن،
ئەل كوزىدە يۈكسەك سەھنىگە ؛
كوكسۇڭدىكى شەرەپ گـۇلىدىن ،
نۇر ئوتمەمدۇ ئانا قەلبىگە ؟!

سېنى ياخشى دىسە ئەل ئەگەر ،
تەنگە سىغماس ئانىنىڭ قەلبى .
"پەرزەنتىمدىن قالار ياخشى نام"
دەپ ئويلايدۇ ئاناڭمۇ ئـەمدى .

ئېيخ ، نىمانچە ئۇلۇغ بۇ ئارمان ،
ئېيخ ، نىمانچە يۈكسەك بۇ تۇيغۇ ؟
بۇنىڭچىلىك بولامدىكەن تاڭ،
هاياتىمىكى هەر قانداق سۆيگۈ .

ئانا قەدرى هەققىدە يازسا،
پۈتەر قانچە قەسىدە ، داستان.
شۇ مېهرىۋان ئانا قەدرىگە ،
يەتمەك ئانچە بولمايدۇ ئاسان .

ئانا مېهرى ئالدىدا پەرزەنت،
قانچىلىك كوپ بىرەلەر جاۋاپ؟
ئادا بولماس ئانا قەرزى هىچ ،
ئومرۈڭ بويى قىلساڭمۇ تاۋاپ .

"ئولگەن چاغدا رەهمەتلىك" دىگەن ـ
سوزنىڭ تەكتى ئويلاشقا لايىق.
ئاناڭ ئولۇپ ، ... پۇشمان قىلغۇچە،
هايات چاغدا بولغۇلۇق سادىق.

سۆيۈنمەمدۇ ئانىنىڭ دىلى ،
پەرزەنت ئاڭا بىلدۈرسە هورمەت.
ئۇيات ساڭا ، قاخشىتىپ ئۇنى،
ئىگە بولغان "ئالەمچە شوهرەت".

ئانا ـ ئۇلۇغ ، ئانا ـ مۇقەددەس،
ئۇنى سۆيگىن رازى ئېتەرلىك.
ئانا قەرزى پەرزەنتى ئۈچۈن،
بىر ئومۈرگە تولۇق يېتەرلىك.

## بىر تـاڭچاڭغا

( ساتىرا )

" سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلۇرمىز " دەپ ئېيىسلىغان تاختىڭىز،
ئۇ ئىكەن ئەسلى ئەمەلسىز، گەپتە ئاتقان پاختىڭىز.
تاختىڭغا چۈشكەندە كوز، ئىللىق سىزىم سەزدىم، بىراق،
ئاشخانا سۈرۈن ـ نىچۈندۇ ئەلگە سالقىن باقتىڭىز.
هىچ مۇناسىپ كەلمىدى پوزىتسىيە ئۇ تاختىغا،
( ئىرىمەي باهار سۆيىدە، يەككە مۇزدەك ئاقتىڭىز ).
بەردى تالۇن بىر بوۋاي ( لەغمەن ئۈچۈن پۇل تولىگەن )،
زەڭ سېلىپمۇ قاردىماي، شىرەگە موما ئاتتىڭىز.
" يازغىنى لەغمەن ئىدى تالۇنغا " ( ئەسكەرتسە بوۋاي )،

ھېچ خىجىل بولماي، غوتۇلداپ ساغرىڭىزنى چاقتىڭىز.
گاڭگىراپ ئېيتتى بوۋاي: " قىزىم كۈتەيمۇ ئازغىنا؟ "
دومسۈيۈپ، تەتۈر قاراپ بىڭگورغا ئوخشاش قاتتىڭىز.
دەممۇ ـ دەم كەلدى خېرىدارلار ( قولىدا تالۇنى )،
سىزچۇ؟ پەرۋا ئەيلىمەي، پۈكەيگە دۈملا ياتتىڭىز.
" ئاش " دىدى، " سو مەن "، " پولو " ··· بولدى خېرىدارلار بىزار،
ئەلگە ياقماي قالدىڭىز، بەلكىم پۈكەيگە " ياقتى " كىز.
" كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلۇرسىز؟ ئېيتىڭا تاڭجاڭ! " دىسە،
" خىلك " دىدىڭىز ـ چىقتى " گۈمبەز "، بۇرنىڭىزنى تارتتىڭىز.
مەن دىلىمدا ئويلۇدۇم: نەلەردە قالغان بەندىسىز؟
ھېچ ئەمەل قىلماي تۇرۇپ تاختىنى نىچۈن ئاستىڭىز؟
مومىڭىز شۇنداق سوغاقتۇر، ئوزىڭىز ئاندىن سوغاق،
بىر يولى مۇز توڭلىتىشقا، مەيلىدىغۇ، قاچسىڭىز.
ئەل ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ ۋاقتى بۇ،
كوزىڭىز رۇشەن بولاتتى توت تەرەپكە باقسىڭىز.
ياخشىراق ئويلاپ بېقىڭ، كىم سىزنى تاڭجاڭ ئەيلىگەن،
مەيلىمۇ ئەلنى بىزار قىپ ئوتسە ھەر كۈن ـ ۋاقتىڭىز؟
بار كىراژدان ئىشلىمەكتە ئەل ئۈچۈن جان كويدۇرۇپ،
سىز يىگانە قالدىڭىز، ئاقماس ئۈزاققا ساختىڭىز.
تاختىڭىزغا چىن ئەمەل قىپ ئەل ئۈچۈن ئىشلەڭ قېنى،
شۇندىلا ئەل رازى بۇپ دەيدۇ " كوڭۇلگە ياقتىڭىز ".

# زامانىم قىزلىرىغا

( چاتما شېئىر )

تۇرسۇن ئىبراھىم

## ناخشىچى قىزغا

ئاسمان دىسەم سەھنىنى،
چىقتىڭ بولۇپ ئاي ئۈزۈك.
نە ئاي، بەلكى جۈپ قۇياش ـ
ئىكەن سېنىڭ جۈپ كوزۈڭ.

ياڭرىغاندا ئاۋازىڭ
سازلارغا بولۇپ تەڭكەش؛
ئاقتى شۇئان دىللاردا،
چىن ھورمەت ياساپ ئوركەش.

شېرىن گويا پەرھاتقا،
بال شارابى سۇنغاندەك؛
ۋە يا بۇلبۇل ھەركىمنىڭ،
دىل بېغىغا قونغاندەك؛

گۇلزار ۋەتەن، يۇرت ـ ئېلىڭ،
ئىشقىدا بۇلبۇل بولۇپ؛
سايرىغىن ھارماي يەنە،
بىر ئومۇر خەندان ئۇرۇپ.

ئۇمىدى ھەم كۆتكىنى،
شۇ ھەر زامان، خەلقىڭنىڭ.
بولسۇن مەڭگۇ ھەر ئىشتا،
مىزانى ئۇ قەلبىڭنىڭ.

## ئۇسسۇلچى قىزغا

ھەر بىر دىلنىڭ زوقىنى تارتىپ،
سەھنە شۇنچە كوركەم بېزەلگەن.
تەمبۇر، غىجەك، راۋاپ...ھەمدە داپ،
تەڭكەش قىلىپ ياڭراق تۈزەلگەن.

ئەشۇ ياڭراق سادا ئىچىدە،
ئۇسسۇلچى قىز چىقتىڭ سەھنىگە.
ھورمىتىڭگە كۆلۈپىتا شۇئان،
كوتىرىلدى ئالقىش ئەۋجىگە.

ئالقىش ئىچرە باشلىدىڭ ئۇسسۇل،
ھەر تەرەپكە نازلىنىپ بېقىپ.
يۈز باھاردەك ئىللىق بىر سىزىم،
كىردى مىليون دىللارغا ئېقىپ.

ساناقسىز كۆز تىكىلگەن ساڭا،
ھەممە كىرپىك قاقماي قارايدۇ.
كوكتە يۇلتۇز ۋە ئايمۇ ھەتتا،
بىر كورسەم دەپ تىنماي مارايدۇ.

چۈنكى ئۇسسۇل ئۇستازىدۇرسەن،
چېۋەر، ماھىر، ئەي ئۇسسۇلچى قىز.
گەرخالىساڭ پەرىمۇ سەندىن،
ئېلىش ئىستەر ئوزىگە ئەندىز.

رىتىملىق ھەر ئالغان قەدىمىڭ،
ئەمما ئاڭا شامال يېتەلمەس.
شوخ، نەپىسلىك بابىدا سەندىن،
پەرىزاتمۇ ئېشىپ كىتەلمەس.

ئەسلىتىدۇ ھەر بىر ھەركىتىڭ،
كوكتە ئۇچقان ئەركىن تورنىنى.
گويا كورۇش ئۇچۇنلا سېنى،
ئاقار يۇلتۇز ئۇنتۇپ ئورنىنى.

ئەنە، كوركەم سەھنە ئۈستىدە،
قىلماقتا سەن بەئەينى پەرۋاز.
تالا سوغاق، لېكىن زال ئىچى
بولغان سوزسىز ئىللىق باھار ـ ياز.

پارلار گۈزەل چېھرىڭدە سېنىڭ،
شۇ باھارنىڭ نۇرى ـ جىلۋىسى،
بولغاچ چۈنكى سەن ھەم باھارنىڭ،
مەڭگۇ سولماس گۈلى-غۇنچىسى.

تەرىپىڭگە يەتمەيدىكەن سوز،
كامالەتمۇ تەسلىم ئالدىڭدا .
ئىگەللەپسەن شۇنداق ماھارەت،
دەپ "قىزارماي تەسلىم ئالدىدا."

جاھان ئىچرە نامى ـ داڭقىڭ بار،
خەلقىم ئېيتار ئاپىرىن ساڭا.
ئەمما يىراق بوپ قاناتەتتىن،
ئىزدەن، ئۆگەن، تىرىشقىن يانا .

## شائىرە قىزغا

شېئىرلىرىڭىز يالقۇن چاچىدۇ،
قەلبىڭىز ئاتەش كانىمۇ سىزنىڭ؟
ۋە ياكى بىرەر سېھرى كۈچ بارمۇ،
يازغان شېئىرىدا شائىرە قىزنىڭ؟!

ئەشۇ يالقۇنلۇق شېئىرىڭىز بىلەن،
قەلبىم جامىغا كەۋسەر قۇيۇلدى.
ھەر كۇپلېت، ھەر مىسراسى ئۇنىڭ،
يۈرەككە نەقىش بولۇپ ئويۇلدى.

ئاپىرىن سىزگە، ئەي شائىرە قىز،
مەڭگۈلۈك ئۆلمەس ئەسەر يېزىپسىز.
قەلب دېڭىزى تەكتىدىن گويا،
مىسلىسىز قىممەت گـوھەر قېزىپسىز.

كۈتىدۇ خەلقىم،
شائىرە،
سىزدىن،
يەنىمۇ يۈكسەك بۈيۈك ئۈمىتلەر.
ئەل ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان،
شۇ ئەل ئومرىدەك بىر ئۆمۈر كۆكلەر!

## سېپتىمرا قىزغا

… كورگۈنۈم، كوزۈمنى ئېچىپ تۇنجى رەت،
كارۋىتىم يېنىدا تۇرغان سەن ئىدىڭ.
تەپچىدى تەبەسسۇم چىرايىڭغا تېز،
ئانامغا «كەلدى ئۇ ھوشىغا» دېدىڭ.

كەيگىنىڭ قەلبىڭگە رەڭداش ئاق خالات،
قولۇڭدا شپىـرىس — ئوكۇل تۇراتتى.
رازى بوپ سىنىڭدىن دېدى ئانامۇ:
«كىچىنى كوز يۇمماي شۇنداق ئۇزاتتى…»

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى نەچچە رەت،
يوقلۇدۇڭ قەرەللىك كىرىپ يېنىمغا.
شىپالىق قولۇڭدىن ئوتكەن شۇ تالاي —
دورا ھەم ئوكۇللار سىڭدى قېنىمغا.

شۈكىمۇ قايتىدىن ياشىرىپ يۈرەك،
كىيسەللىك ئازاۋى يىراق قوغلاندى.
مەيۈسلىك سايىلار تاشلىغان دىلدا،
باشقىدىن ھاياتلىق ئىشقى چوغلاندى…

يالغۇزلا مەن ئەمەس شىپالىق تاپقان،
ساقايدى بىماردىن قانچە — قانچىسى.
چۈشەندىم شىشىدىن تومۇرغا تىنماي —
ئاققىنى مېھرىڭنىڭ ئىكەن تامچىسى.

توختىماس ئۇ تامچە ئەبەدى، چـۈنكى
مېھرىڭنىڭ بولىغى ئىكەن پاك قەلبىڭ.
ئاقلىغىن يەنىمۇ ئەل ئۈمىدىنى،
سەندىن چوڭ ئۈمىتلەر كۈتىدۇ خەلقىڭ!

## دىخان قىزغا

ئەقىدەم كوپ ساڭا سىڭلىم، شۇڭا يۈرتىنىڭ گۈلى دەيمەن،
كىشىكىم كوپ دىسە گۈلنى، سېنى مەن سەرخىلى دەيمەن.

يېشىل بوستان ئېتىز قوينى ئارا خەندان ئۈرۈپ ھەردەم،
خوشال ناخشاڭنى ياڭراتساڭ، نازاكەت بۇلبۇلى دەيمەن.

ئەگەردە سەن تۈرۈپ يەڭنى، راسا قىزىتىپ ئىش ـ جەڭنى،
كاراپتەك سول يېرىپ ماڭساڭ، چېلىشىنىڭ دۇلدۇلى دەيمەن.

جاپا ـ مۇشكۈل ئىگەلمەس شۇ پولاتتەك جىسمۇ ـ قەددىڭنى،
چىدام ـ غەيرەت، جاسارەتنىڭ ھەقىقى سىمۋۇلى دەيمەن.

سېخى داسقان كۆلۈپ تۇتسا لەزىز نازۇ ـ نېمەتلەرنى،
ئۈنى ھەم تەرۇ ـ ئەجرىڭنىڭ قەدىرلىك مەھسۇلى دەيمەن.

ساڭا قايىل يۈرەك ـ قەلبىم، كۈيۈم ئۇرغۇيدۇ شەنىڭگە،
شۇڭا كوكسىدە تورسونىنىڭ ئەبەتكە جۈپ قولى دەيمەن.

# شېئىرلار

ناسىرجان مۇھەممەدى

## ھەشقى پىچەكلەرگە

" توۋە " دەيمەن ياقامنى چىشلەپ،
بەزىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە.
نەۋ باھاردا ئېچىلماي تۈرۈپ،
توزدۇۋاتقان چېچەك ـ گۈلىگە.

بىر كورۈپلا " ئاھۇ ـ ۋاھ" چېكىپ
مۇنداق قەسەم ئىچىشەر دائىم:
"باشقىسىنى سۆيمەيمەن سەندىن،
گۇۋا بولسۇن ئاڭا خۇدايىم. "

قالۇر قەسەم ۋاقتى كەلگەندە،
ئاللا قانداق يەرگە تاشلىنىپ.
"گۇۋاچى"مۇ قالۇر بۇ يەردە،
مەھبۇبىنىڭ كوزى ياشلىنىپ.

بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماستىن،
بىرنى سۆيەر قەدىرلىگىم دەپ.
بىرنى دىسە ھاياتىم شامى،
بىرنى سۆيەر: يۈرەك باغرىم دەپ.

نەمۇھەببەت بولىدۇ بۇ ئىش،
پەقەت ساقتا، ئالدامچىلىقتۇر.
سەھەر كۈلۈپ، چۈشتە قۇرارغا،
ئەينى ئۆزى ھەشقى پىچەكتۇر.

## تەسىرات ئۇچقۇنلىرى

چاپماقتا مەنزىلگە ئېتىم يۈگرەپ،
ئېگىز - پەس يوللارنى تاشلاپ كەينىگە.
قىلمايمەن ئەندىشە تاشلار قايان دەپ،
چولۋىرى قولۇمدا، چاپسىمۇ قانچە.

كورىمەن قەرەلگاھ يىراق - يىراقتىن،
ئېتىمنىڭ ئۇستىدە قاراپ ھەرباقتىن.
ئاڭلايمەن يول بويى يېقىملىق ناخشا،
زاۋۇتتىن، ئېتىزدىن، خاڭدىن، يايلاقتىن.

كورىمەن ئېتىزدا قىز ۋە يىگىتنىڭ،
تېنىدىن سەل بولۇپ ئاققان تېرىنى.
پۇرايمەن قانچە، مېھنەتنى بىلەن-
پەرۋىش قىپ كۈلدۈرگەن سەرخىل گۈلىنى.

كورىمەن چىمەندە شۇنچە ئالدىراش،
جاپاكەش ھەرىنىڭ يۈرگەنلىگىنى؛
ھەرگۈلنىڭ شىرنىسىن-شەربىتىن يىغىپ،
ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگەنلىگىنى.

ئىلىم - پەن باغچىسى - مەكتەپ قوينىدا،
كورىمەن مەرىپەت ئۇچقۇر ئېتىنى.
بىلىمدىن چىقىرىپ تالماس گاڭ قانات،
تىلسىمات سىرىنى ئېچىشلىرىنى.

كورىمەن بىر يېڭى خىسلەت گۈلىنىڭ
ئىنسانغا شات - ھوزۇر بەرگەنلىگىنى.
(ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق ئۆسكەن ياشلارنىڭ،
غورۇرلۇق ھىسلىتى، قىلغان ئىشنى.)
........................................

چاپماقتا مەنزىلگە ئېتىم يۈگرەپ،
ئىگىز - پەس يوللارنى تاشلاپ كەينىگە.
كورىمەن زوق بىلەن سانسىز يېڭىلىق،
ھاياجان دولقۇنى ئۇركەش تېنىمدە.

## كارۋان

ئېگىز - پەس ئۇزۇن يولدا،
ئىلگىرلەپ ماڭار كارۋان.
چەكسىمۇ رىيازەت ئۇ،
ماڭماقنى كەسىپ قىلغان.

ئىتلارمۇ چىقار پات - پات،
ئۇنىڭ ئالدىغا ھاپشىپ.
يولىغا ماڭار كارۋان،
لالما قالىدۇ كاپشىپ.

ئىلگىرلەر ھامان كارۋان،
قۇملۇقتا - باياۋاندا.
ئۇچمەس ئىز قالۇر ئۇندىن،
ئۇ ماڭغان ئۇزۇن يولدا.

# ئىككى شېئىر

پەرھات مەھەممەت

## ئىشچان يىگىت

ئەل ئىشىغا كۆيگەن يىگىت،
ئەلنى دىلدىن سۆيگەن يىگىت،
كېچە - كۈندۈز كىرپىك قاقماي،
ئەل غېمىدە يۈرگەن يىگىت.

بولسىمۇ گەر قىران ياشلىق،
ئۆزى دۇيدە كوپكە باشلىق،
لېكىن شۇندا ئەل قاتارى
راھەت-چاپا كورگەن يىگىت.

ئىشتا كەتكەن يۈرتقا نامى،
تاغ يوتكەشكە يېتەر چامى،
كەلسە خەتەر ئالدىغا دۇچ،
قورقماي يەڭنى تۈرگەن يىگىت.

يېزىدىمىزنىڭ باتۇر كوزى،
تاغ گەۋدىلىك مەرتىنىڭ ئۆزى،
ئىش قوينىدا ئاققۇزۇپ تەر،
بەخىت پەيزىن سۈرگەن يىگىت.

## تەقدىر ۋە ئىرادە

بەزىلەر بەخت ۋە قايغۇلىرىنى،
باغلايدۇ تەقدىرگە، دەيدۇ: "پېشانە."
ئېيتقىنا ھالاۋەت بېرەمدۇ تەقدىر،
بولمىسا ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئىرادە؟

بىلگىنكى ئەي دوستۇم، بەخت ۋە قايغۇ،
ئەزەلدىن كىشىگە ھەمرا ئۇ ھامان.
تەقدىرنى يەڭگىدەك بولسا ئىرادە،
بولمايدۇ ھەر قاچان گۈل يۈزۈڭ سامان.

xxxxxx::::::::::xxxxxx

# ئارزۇيۇم

مېھمانىجان روزى

ئانا تۇپراق سېنى سۆيدۇم بولۇپ ئىشقىڭدا پەرۋانە،
ئۇراي دەيمەن سېنى گۈلگە، توكۈپ قوينىڭغا دۇردانە.

سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن جاننى نىسار ئەيلەشكە تەييارمەن،
كىرەرمەن بۇيرىساڭ مۇشكۇل چېلىش - جەڭلەرگە مەردانە.

بولۇپ قالغان رەقىپلەردىن سىنى قوغداش مىنىڭ بەختىم،
نە ئارمان گەر ئۆلۈپ كەتسەم قىلىپ دۈشمەننى ۋەيرانە.

ئۆزەمنى سىزدىمەن مەغرۇر، ئىجات ئەمگەك بىلەن ياشاپ،
ئىجادىمدىن ئىچىلدۇرسام گۈزەل قوينىڭدا رەيھانە.

سىنىڭ ئەجرىڭنى ياندۇرسام مۇرادىم بولغۇسى ھاسىل،
جاھانغا شاتلىغىم سىغماي كۈلەرمەن شۇندا خەندانە.

# شىئىرلار

رەپقەتجان خىلىل

## ئىزىڭدىن ماڭماقنى پەرزىم بىلىمەن

يېتىلسە ئەل ئارا بىر ئالىم كىشى،
ھورمەتتىن نۇرلىنار ئۇسكەن دىيارى.
زىيادە ھورمەتلەر بىزگە تەئەللۇق،
سەۋەپكى بوۋىمىز ئەدىپ سەردارى.

ئەقىل ھەم ئىدرەكتە زاماندا شىلىرى،
بوۋامنىڭ سوزىنى ئالاتتى ئېلىك.
نۇر بېرىپ قالمىدى دىللاردا يارا،
ئۇ يېزىپ شىپالىق «قۇتاتقۇ بىلىك».

ئىجاتنى، كەشپىنى بىر گۈلزار دىسەك،
بوۋامنىڭ ئىجادى گۈللەر سەرخىلى.
"ۋەتەن!» دەپ سوقتانمۇ ئۇنىڭ يۈرىگى،
ئۇ ئىلىم يولىنىڭ چىۋەر دۇلدۇلى.

قاراڭغۇ كېچىدە گويا مەشئەلدەك،
جاھانغا ئىلىمدىن نۇرلارنى چاچتى،
مۇقەددەس تارىخنىڭ ئالتۇن بېتىدە،
جۇلالاپ تۇرغان بىر سەھىپە ئاچتى.

قوغلۇشۇپ ئوتتى يىل،ئوتتى ئەسىرلەر،
ئوزگەردى جەمىيەت، ئوزگەردى جاھان.
ئورۇلدى،كومۇلدى قەلئە، قەسىرلەر،
ۋە لېكىن ئولمىدى شۇ ئۇلۇغ ئىنسان.

تا بۇگۈن بىزگىمۇ بولدى مەدەتكار،
ھورمەتلىك شۇبوۋام—يۈسۈپ خاس‌ھاجىپ.
ئۇ دىدى: "بەختكە بولاي دىسەك يار،
كوكلىگىن مەرىپەت سۈيىدىن ئىچىپ".

سەن بىلەن ئەي بوۋا ئاشتى ئەمەلگە،
ئۇرغىدى دىللاردىن پەخرىمىز چەندان.
ھەتتاكى پەلەككە يەتتى بېشىمىز،
ئەجداتلار روھىمۇ كۈلگەندۇ خەندان.

ئەۋلادىمەن ئەي بوۋا سەندەك ئالىمغا،
ئىزىڭدىن ماڭماقنى پەرزىم بىلىمەن.
تەشەككۈر ئېيتىمەن بۈيۈك توھپەڭگە،
نامىڭ ھەم نۇرلانسا قەھ ـ قەھ كۈلىمەن.

## بۇلاق سۈيىنىڭ زارى

ئىزلەپ ـ سوراپ تاپتىم ئاخىر بىر بۇلاق،
سۇغا بولغان تەشنالىغىم كۈچايغاچ.
تۇرۇپ قالدىم ئىچەلمىدىم سۈيىنى،
ئەتراپىدا خوخا تىكەن كوپ بولغاچ.

شۇندا بۇلاق خىتاپ قىلىپ سوزلىدى:
بۇ تىكەندىن سەنمۇ قورقۇپ تۇرامسەن؟
ئازغىنا جاپاغا بەرداشلىق بېرىپ،
بۇ خوخا ـ تىكەننى يۇلۇپ قويىمامسەن؟

كەلسە سەندەك ئۇسسىغانلار قېشىمغا،
خوشال بولۇپ كۈي ياڭرىتىپ ئاقىمەن.
دەيمەن ئاڭا كىلىپ ئىچىڭ مېنىڭدىن،
ئۇسسىغان شۇ كوڭلىڭىزگە ياقىمەن.

تەكلىۋىمۇ يافسا كېرەك ئۇلارغا،
تەشنالىدۇ مېنىڭدىن سۇ ئىچىشكە.
ئىچمەستىنلا يانار بىراق ھەممىسى،
كوزى قىيماي ئازراق جاپا چېكىشكە.

پاكلىغىمدا قاندۇرالماي بىر نىمۇ،
ماڭا تەشنا ئەشۇ ئۇسسىز يۈرەكتىن.
زىممەمدىكى شۇ قەرزىمنى ئادا قىلماي،
لاي سۇغا قوشۇلۇپ چىقتىم كېرەكتىن.

سەنمۇ قورقۇپ بۇ تىكەندىن يانىماقچىمۇ؟
ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئىلكىدە قالماقچىمۇ؟
جاپا چېكىپ ھالال تەردىن لوقما يىمەي،
ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ ياتماقچىمۇ؟

بۇلاق زارى بەخش ئەتتى شىجائەتنى،
شۇم تىكەننى يۇلۇشقا ھەم كىرىشتىم.
كۆلدى بۇلاق ئىچ ئىچىدىن زوقلۇنۇپ،
سۈزۈك سۇدىن مەنمۇ شۇندا قېنىپ ئىچتىم.

## ئەل ئىشقىدا كۈي

ياشلىغىمنىڭ گۈلشەنىدە ئېچىلغان بىر گۈل،
قەدرىگە يېتىپ سەن پەخىرلىنىپ كۈل.
بەڭۋاشلىق ئوتىدا كويۇپ بولما كۈل،
نۇرلانسۇن ياشلىغىڭ ئەل ئىشقىدا كۈي.

ئات قىلىپ جۇرئەتنى پەن يولىغا چاپ،
يولۇڭنى توسسا ياۋ ئېلىشقىن، ئۇر، چاپ،
گۈل بولۇپ ئېچىلار ئاققان قېنىڭ ساپ،
نۇرلانسۇن ياشلىغىڭ، ئەل ئىشقىدا كۈي.

ئىلىمگە، خەلقىڭگە قىلما خىيانەت،
بىل ئۇنى ئوزۈڭگە نومۇس ـ جىنايەت.
ياخشىنى يامان دەپ قىلما شىكايەت،
نۇرلانسۇن ياشلىغىڭ، ئەل ئىشقىدا كۈي.

مۇھەببەت- نەپرىتىڭ بولسۇن بەك ئېنىق، ئەلنى دەپ توختىسۇن ئاخىرقى تېنىق،
ئەرگە خاس سۇپەتتىن رەڭ ئالغىن قېنىق، نۇرلانسۇن ياشلىغىڭ ئەل ئىشقىدا كوي.

# كېلىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر

مەھەممەت مۇسا

يېزام كوركەم گۈلزار بولدى،
كىلىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر.
ئىجادىڭغا بۇندىن ئىلھام
ئېلىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر.

يۈرۈگۈڭنى ئاپىرات قىلىپ،
قەلىمىڭنى شوخ ئات قىلىپ،
گۈل يېرامنىڭ سۈرىتىنى،
سىزىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر .

يېزام بەكمۇ ئاۋات بولدى ،
چېشلىشىمىز ناۋات بولدى .
پاراغەتتە ئۆتمەكتىمىز ،
بىلىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر.

مول ھوسۇلدىن تاغ ياسىدۇق،
جەننەت كەبى باغ ياسىدۇق.

قايناق كۈرەش مەنزىرىسىنى،
كورۇپ كەتسەڭ ئىدى شائىر .

پىشتى بۇگۈن باغدا ئانار ،
تەمى شىرىن، تىلنى يارار.
سەيلە قىلىپ باغلار ئارا
تېتىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر.

بولدۇق بۇگۈن ھەممىمىز باي،
چىرايىمىز بەئەينى ئاي.
ھەمدەم بولۇپ خوشاللىقا،
كىلىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر .

قازانلاردا قايناپدۇ گوش،
ھەممىمىزنىڭ كوڭلىمىز خوش.
مېھمان بولۇپ قويىمىزگە،
كىلىپ كەتسەڭ ئىدى شائىر.

# سىم تۈرۈكنىڭ زارى

(ساتىرا)

هاپىزجان مۇھەممەت

بىر ئىش بىلەن گۇڭشېغا،
كېتىپ بارغان چېغىمدا.
هالى خاراپ بىر غېرىپ،
پەيدا بولدى يېنىمدا.

مېنى كورۇپ بىچارە،
مۇڭلۇنۇپ كوز ياشلىدى.
«ئاڭلاڭ دەردى - هالىمنى»، -
دەپ شىكايەت باشلىدى:

«مېنىڭ ئىسمىم سىم تۈۋرۈك،
ئىشچى تاغام ياسىغان.
ئەلگە خىزمەت قىلسۇن دەپ،
يول بويىغا قادىغان.

لېكىن، مېنى ئاسرىماي،
رەڭگىم كەتتى سارغىيىپ.
سىمىم بىلەن تۈۋرۈكتىن —
قالدىم ئاخشام ئايرىلىپ.

گوگۇم چۈشكەن چېغىدا،
بىر مەخلۇق كېلىپ قالدى.
كىشى بارمۇ - يوقمۇ؟ دەپ،
ئەتراپىغا زەڭ سالدى.

پەرۋا قىلماي كېيىمگە،
سىمنى سالدى سوۋەتكە.
كەپقالدىمەن ئاھ، بۈگۈن
تونۇغۇسىز هالەتكە.

مەن بىرەتتىم ھەمىشە،
ئۇزۇن يولنى قىسقارتىپ.
ئۇرۇمچىنى هازىرلا،
ئالالايتتىم قىچقارتىپ.

مېنى شۇڭا كىشىلەر،
ياخشى ئاسراش كېرەكتى.
خىزمەت قىلىش ئۈزۈنراق،
مېنىڭدىكى تىلەكتى…»

يىغلاپ تۇرۇپ سىم تۈۋرۈك،
تۈتتى ماڭا ئەرزىنى.
قەسەم ئىچتى ئۇ يەنە،
ئالماق بولۇپ قەرزىنى.

×　　×

ئويلاپ بېقىڭ كوپچىلىك،
ئۇنىڭ سوزى ئادالەت.
يول قويمايلى مۇشۇنداق،
كىم ئوتكەزسە جىنايەت.

# بالىلار ئەدەبىياتى

## شېئىرلار

ئابلىمىت قۇربان

### بىلىۋال!

ساۋاقدىشىم ـ سەپدىشىم ،
بىر گېپىم بار ، قۇلاق سال .
يىل ، پەسىل ، ئاي ھەم كۈننى،
سوزلەپ بېرەي ، بىلىۋال:
دەرەخ دېسەك بىر يىلنى،
باردۇر ئۇنىڭ تـوت غولى.
ھەر غولىدا ئۈچ تالدىن،
جەمئى ئون ئىككى شېخى.
ھەر بىرىدە بەش شاخىنىڭ،
ئوتتۇز تالدىن يوپۇرماق
(يەتتە شاخىنىڭ بىر تالدىن،
يوپۇرمىغى ئوشۇغراق).
دېمەك ، بىر يىل ـ تـوت پەسىل ،
جەمئى ئېيى ئون ئىككى .
ئۈچيۈز ئاتمىش ئالتىلا،
كۈنى باردۇر يىلىنىڭكى .
ئەندى دوستۇم سوزۇمنى،
يوتكەي ھەر بىر پەسىلگە.
بىلىۋالساق بۇنىڭمۇ،
پايدىسى كوپ سەن ـ بىزگە:
ئەتىيازدا تەبىئەت،
ئويغۇنىدۇ ئۇيقىدىن.
كوركەم يېشىل كىمخاپقا،
پۇركۈنىدۇ يەر ـ زېمىن.
ئۇچار قۇشلار يىراقتىن،
قاتارلىشىپ كېلىدۇ.
كورۇشكەندە بىز بىلەن،
خوشال سايراپ كۈلىدۇ.
قوش سالىدۇ دېخانلار،
پايانسىز كەڭ ئېتىزغا.
ئىش قاينىمى بۇ پەسىل.
ياش ـ قېرى ، ئوغۇل ـ قىزغا.
ياز پەسلىدە ئالتۇن كۈن،
سېخى نۇرلار چاچىدۇ.
دەريا ، ئوستەڭ ، ئېرىقتا،
سۇلار راۋان ئاقىدۇ .
ئېچىلىدۇ پورەكلەپ،
ياڭزا ـ ياڭزا گۈل ـ چېچەك .

خۇشبوي ھىدى ئەترا پقا،
چىچىلىدۇ ئىپاردەك.
بۇغداي پىشىپ ، يېزىلار
ئالار ئالتۇن رەڭگىنى.
قىز ـ يىگىتلەر ئۇمىدا،
قىزىتار جەڭ ـ بەيگىنى.
كۈزدە شەھەر ـ يېزىغا،
تولار ياڭزا مىۋىلەر.
ئۈزۈم ، ئانار ، نەشپۈت ... تىمن،
ئاقار شەربەت ـ شىرنىلەر.
قوناق ، گۈرۈچ ، ئاق ئالتۇن...
دوۋە ـ دوۋە تاغ بولۇر.
بەركەت يېغىپ ئۆي ـ ئۆيگە،
قازان ـ چومۇچ ياغ بولۇر.
ئۇچار قۇشلار بىز بىلەن،
خوشلۇشۇپ تېز كېتىشەر.
باھارغىچە جەنۇپنى،
ئۇگا ـ ماكان ئېتىشەر.
قىش پەسلىدە يەر توڭلاپ،
سۇ مۇزلايدۇ ـ قاتىدۇ.
سوغاق گويا ھەرىدەك،
يۈز ـ كوزلەرنى چاقىدۇ.
توكۇلىدۇ سارغىيىپ،
يوپۇرماقلار بېخىدىن.
دەل ـ دەرەخلەر كۈمۈشرەڭ ـ
تون كىيىدۇ يېڭىدىن.
ئوسۇملۇكلەر سۇكۇتتە،
تاتلىق ئۇخلاپ ياتىدۇ.
يېغىپ ئاق قار، زىمىنغا ـ
ئاق پاياندار ياپىدۇ.
دىمەك، دوستۇم بۇلارنى،
دىلغا مەھكەم تىزىۋال.
ساقلاي دىسەڭ ئېسىڭدە،
خاتىرەڭگە يېزىۋال.

## ئانا نەسىھەتى

كەلدى ئايگۈل مەكتەپكە،
كوينەك كىيىپ شىفۇڭدىن.
قاراپ قالدى پاتىگۈل،
كوز ئۈزەلمەي ئۈنىڭدىن.
كەچقۇرۇندا ئالدىراش،
مەھەللىگە چاپتى ئۇ.
ئانىسىنىڭ باغرىغا،
دەرھال ئوزىنى ئاتتى ئۇ.
قوزىچاقتەك ئەركىلەپ،
دىدى: "ناۋات، قەن ئانا؛
ئامراقمۇ سەن ـ ئەمەسمۇ،
يۈرىگىڭدىن سەن ماڭا؟
ئامراق بولساڭ ئەگەردە،
ئاڭلا ئېيتقان گېپىمنى.
كوينەك ئېتىپ شىفۇڭدىن،
ياپىراتقىن بۇ دىلىمنى."
كۈلدى ئانا قاقاخلاپ،
قىزىنىڭ بۇ سوزىگە.
مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ،
سۆيدى ئۇماق يۈزىگە.
دىدى ئاڭا: "جان قىزىم،
داغدام بىزنىڭ يولىمىز.
ھوسۇل ئېشىپ يىلسېرى،
كوپەيمەكتە پۇلىمىز.
سەھەر تۇرۇپ ئورنۇڭدىن،
مەكتىۋىڭگە يۈگۈرسەڭ؛
كوڭۈل قويۇپ دەرسىڭگە،
ئىخلاس بىلەن ئۈگەنسەڭ؛

تەييارلايمەن شۈندىلا،
ساڭا كوينەك شىفۇڭدىن.
چاپانىمۇ ھەم تىكىمەن،
رەڭدار-كوركەم تىلۇندىن.»

نەسىھەتنى پاتىگۇل،
چىن دىلىدىن ئاڭلىدى.
بولۇش ئۇچۇن «ئەلاچى»،
بەلنى مەھكەم باغلىدى.

## سەۋەنلىكنى توندى

مەخمۇت، ئادىل ھەم قادىر،
ئەتىگەندە قوي بېقىپ؛
مەكتىۋىگە مېڭىشقا،
قالدى ئازراق كېچىكىپ.
يىراق كورۇپ چوڭ يولنى،
چاپتى ئېتىز ئارىلاپ.
دەسسەپ يۇمران مايسىنى،
نابۇت قىلدى قانچىلاپ…
كەلگەن ئىدى دەل شۇ چاغ،
ياسىن ئاكا قىغ ئېلىپ
(قىشلىق پەرۋىش بەك مۇھىم
مايسىلارغا، - دەپ بىلىپ.)
نەزەر تاشلاپ ئېتىزغا،
باللارنى كوردى ئۇ.
سىلاپ ساقال - بۇرۇتنى،
بىر پەس خىيال سۇردى ئۇ.
دىدى: « سىلەر - باللىرىم،
پەرزەندىغۇ دېخاننىڭ؟
ئۇنىڭغەنمۇ ھەر مايسا،
پاك ئەجرىدىن ئىشچاننىڭ؟

ئاسرالمىسا شۇ مايسا،
قانداق ھوسۇل بېرىدۇ؟
مول ھوسۇلسىز، مولچىلىق
بىزگە نەدىن كېلىدۇ؟… »
بۇنى ئاڭلاپ باللار،
ئاستا يەرگە قارىدى.
خىجىللىقتىن يۇزىگە،
شەلپەر رەڭگى تارىدى.
دىدى ئۇلار: « قويۇپتۇق،
چوڭ سەۋەنلىك ئوتكۇزۇپ.
مەنپەئەتكە خەلقنىڭ،
زىيان - زەخمەت يەتكۇزۇپ.
تۇزىتىشتە خاتانى،
يېڭى قەدەم تاشلايمىز.
مەنپەئتىنى خەلقنىڭ،
كوزىمىزدەك ئاسرايمىز!… »
شۇئان ئۇلار ئېتىزدىن،
چىقتى داغدام - كەڭ يولغا.
مەكتەپ تامان چىپىشتى،
ئوخشاپ قىزىل ئۇچ گۇلغا.

## رەخمەت دىدى ئەمەتجان

كېسەل بولۇپ يېقىندا،
ئەمەتجاننىڭ دادىسى؛
ئالغان ئىدى ئۇستىگە،

ئوي يۇكىنى ئانىسى.
ئوغۇل - قىزلار ئوز - ئارا،
مەسلىھەتلەر قىلىشتۇق:

ـــساۋاقداشقا ياردەمـ
قىلايلى بىزــ دېيىشتۇق.
كوزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە،
ئۇنبەش دەپتەر يىغدۇق بىز.
قوشۇپ ئاڭا بىر قەلەم،
دوستقا تەقدىم قىلدۇق بىز.
تەسىرلىنىپ ئەمەتجان،

دېدى: رەھمەت، دوستلىرىم!
بۇ شەپقەتتىن قوزغالدى،
قايتا قايناق ھىسلىرىم.
چىن دىلىمدىن يېتىپ مەن،
شەپقىتىڭلەر قەدرىگە.
بۇركۈت بولۇپ ئۇچىمەن،
پەندە يۇكسەك پەللىگە.

## تولسۇن مەكتەپ چېچەكـكە

ساۋاقدىشىم رەيھانگۇل،
يېنىمىغا تېز كەلگىنە.
شۇنچە كوپ يەر بوش ـ بىكار،
نەزەر سېلىپ كورگىنە.
بۇ يەرلەرگە قىغ قويۇپ،
ئوسىسىنى ئوخشۇتۇپ؛
چاناپ قويدۇق تاڭ سەھەر،
تۇپرىغىنى يۇمشۇتۇپ.
پىلانلىدۇق ئۇنىڭغا،
ھەر خىل گۇللەر تېرىشنى.

ھەمدەم بولۇپ ئوغۇل-قىز،
دائىم پەرۋىش قىلىشنى.
شۇڭا سەنمۇ تۇرۇپ يەڭ،
ياخشى ئىشقا قەدەم ئال.
كومۇپ ماڭاي ئارقاڭدىن،
سەن ئاۋايلاپ ئۇرۇق سال.
تولسۇن مەكتەپ مېھنەتتىن،
لالە-رەيھان، چېچەككە.
چاچسۇن ئىپار شۇ چېچەك،
مىڭلىغان ياش يۇرەككە.

## بەختىڭكامنىڭ رەھمىتى

قېچىپ چىقتى ئېغىلدىن،
ئالتە قوزا، بىر موزاي.
يېتەلمىدى بەختىڭكام،
يۇگەرسىمۇ توختىماي.
كەلدى ماللار شۇنچە تېز،
يول بويىغا يامرىشىپ.
غاجىلاشقا باشلىدى،
كوچەتلەرنى يامىــشىپ.
كېلىشۇپتىپ كامىلجان،
ئويىگە ئانا مەكتەپتىن؛

جىددىيلەشتى بۇ ئىشقا،
كوزى چۇشۇپ توساتتىن.
يۇگرەپ بېرىپ ئۇچقاندەك،
”ئۇشت-ئۇشت!“ دېدى،”ھوش!“ دېدى.
توسۇپ قوزا-موزاينى،
يول تەرەپكە باشلىدى.
چارۋىلارغا قويۇپ زەڭ،
تونىۋالدى كامىلجان.
بــەختىڭكامنىڭ ئويىگە،
ھەيدەپ ماڭدى شۇ ھامان.

چۇشۇپ گۇگۇم، كەچ كىرىپ،
چىققاندا ئاي كوك يېرىپ؛
خوشال ـ خورام كەلدى ئۇ،
چارۋىلارنى ساق ئېلىپ...
"مەھـمەھ!»ـدەيتتى بەختىكام،
تىت ـ تىت بولۇپ ۋاقىراپ،
(تۇرغان يېرى ئۇن يىتىم،
قالغان ئىدى ھاسىراپ).
ـ بوۋا! ـ دىدى كامىلجان،ـ
مانا موزاي، قوزىڭىز.
قايتىڭ ئەندى خاتىرجەم،
تېنەپ يۇرمەي كەچتە سىز.

كەلدى بوۋاي پايپاسلاپ،
تايىنىپ ھاسا ئالدىراپ.
ئىمىن تاپتى كوڭلىمۇ،
چارۋا ـ ماللارغا قاراپ.
ياخشـى ئىشقا ـ خىسلەتكە،
چىن دىلىدىن كويدى ئۇ.
كامىلجاننىڭ مەڭزىگە،
مېھرى بىلەن سويدى ئۇ.
دىدى: "رەھمەت،جان ئوغلۇم،
پاراستىڭ ـ ئەقلىڭگە.
رەھمەت، ئانا مەكتىۋىڭـ
ئوستازلىرىڭ ـ پەخرىڭگە!»

---

(بېشى 36 ـ بەتتە)

يارلىق قىلمىسام چېنىپ قالىمەن » دەپ ئـويـ
لايتتى ئۇ.

ئەتىسى ئېزىز تىراكتۇر ئېلىپ كەلدى. ئۇـ
لار بۇرۇنقىدەك بىر كۇن ئەمەس، 2 سائەتتىن
كوپرەك يول بېسىپ ساۋۇتخاننىڭ ئويىگە كېـ
لىپ بولدى. خاسـيەت خېـنىم ساۋۇتخاننـىڭ
تامغا گىلەم تارتىلغان، كارۋات،سۇپا ئۇستىگە
گۇللۇك شىـرداق سېلىنغان ئويىنى كورۇپ،ئوز
كوزىگە ئىشەنمىگەنـدەك كوزلـىرىنى چىمىلـ
داتتى. ساۋۇتخان ئۇستام قوينى ئوزى سويدى،
پارچىلاپ قازانغا سـالدى. خاسـيەت خېـنىم
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى، گوش
پىشـتى، لىگـەنلەپ كەلـتۇرۇلدى. تامـاقتىن
كېيىن ئەر ـ خوتۇنلار ئوي ئالدىـدىكى باققا
سەگىدەشكە چىقتى، ساپ ـ نەمخۇش ھاۋا تاشـ
خـان ئۇستامـنى روھلانـدۇردى. ئەتراپـتىكى
لاي ـ لاي ئەۋازى يېڭى يېزىنىـڭ بۇگـۇننى

ناماياں قىلاتتى.

ئۇلار ئىككىلا قوناپ شەھەرگەـ ئوز ئويىگە
قايتىپ كەتمەكچى ئىدى، لېكىن بىر ھەپتىگىـ
چە تۇرۇپ قالدى.

ــ ئەندى كېتەيلى،ــدىدى تاشخـان ئۇستام
سىناش نەزىرى بىلەن خاسيەت خېنىمغا،ـزىـ
رىكىپ بېزار بولۇپ كەتمىسىلە ياڭا.

ــ راستىنلا كەتكۇم كەلمەيۋاتىدۇ، بۇرۇنقى
يېزا ئوزگۇرۇپتۇ، بانا 2كۇن تۇرايلى، ماقۇل
دىسىلە، ساۋۇتخاننىڭ كىچىك ئوغلى قـۇدرەت
جاننى بىز بالىچىلاپ بېقىۋالايلى.

تاشخان ئۇستامنى غايىۋى كۇچ يولىگەندەك
ئورنىدىن لەسسىدە تۇردى، ئـاكا ـ ئـۇكا ۋە
يەڭگىلەرمەي باغلىغان ئۇرۇك سايىسـىغا سىـ
لىنغان كىگىز ئۇستىگە جەم بولۇشـتى، قاياقـ
تىندۇر كاككۇكنىڭ ئەۋازى ئاڭلاندى...

ــ كاككۇك، كاككۇك!

# نەسر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا

ئەمەت دەرۋىش

ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان دۇنياۋى شوھرەتكە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى نەسر تۈرى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ھازىرغىچىلىك ئۆزىنىڭ ئەستېتىك كۈچى، ئىپادىلەش مەزمۇنىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قىممىتىنى ساقلاپ، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى ھەم مەدەنىي ھاياتىنى بېيىتىشتا رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قەلەم ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار بۇ تۈرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق توھپە قوشتى. ئۇلارنىڭ لىرىك، ئېپىك ۋە مۇھاكىمە خاراكتېرىنى ئالغان بىر قىسىم نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان بۇ تۈرنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ھەۋەسكارلارنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

نەسرلەرنى كەڭ مەنىدىن چۈشەنگەندە، شېئىرىي ئەسەرلەردىن باشقا ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىن چۈشەنگەندە شېئىرىيەت، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ئېپىك ئەسەرلەرگە ئوخشاش چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەركىن، جانلىق، تېتىك بىر تۈر بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇكەممەل بىر ھېكايە سيۇژېتى ياكى دراماتىك توقۇنۇشلار، شۇنداقلا قاپىيىلىك جۈملىلەر، رىتىم، تۇراقلارنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. ماتېرىيال ئېلىش جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرى، تارىخىي ۋەقەلەر، شۇنداقلا تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ۋەقەلەرنىمۇ ماتېرىيال قىلىپ تاللاشقا بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، نەسرلەردە ھەممە نەرسىنى يېزىۋېرىشكە بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنى ئىپادىلەش مەزمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئېپىك نەسر، لىرىك نەسر ۋە مۇھاكىمە نەسر دەپ 3 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1 . ئېپىك نەسر: ئېپىك نەسر ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى بىۋاسىتە كۆزىتىشى ئاساسىدا ھېس قىلغانلىرىنى ۋەقەلىك يولى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر خىل ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭدا راستچىللىق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولسىمۇ، يەنە بەدىئىي يىغىنچاقلاش خۇسۇسىيىتى

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان مۇبالىغە، ئوخشىتىش ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ۋە لىرىك ھېسسىياتلار ئۆز ئارا گىرەلەشكەن بولىدۇ. مەسىلەن، قاھار جېلىلنىڭ «باھار تەنتەنىسى» دېگەن ئەسىرى مۇشۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدا "مەن" نىڭ ئاۋات، گۈزەل يېزىنىڭ باھار مەنزىرىسىنى كۆزىتىشى ئارقىلىق ھېس قىلغانلىرى بايان قىلىش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئاپتور يېزىدىكى باھار پەيزىنى ئاجايىپ گۈزەل ئوخشىتىشلار ئارقىلىق مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

" قارىسام، يىراقتا زەنجىرسىمان سوزۇلۇپ قەد كۆتىرىپ تۇرغان كۆك ئېنىلون تىزمىلىرى خۇددى بېشىغا ئاق تۇماق كەيگەن، ئاپپاق ساقاللىق مەيدىسىگىچە چۈشكەن پىشقەدەم بوۋايلارنى ئەسلىتىدۇ. يېشىللىققا پۈركەنگەن سوگەتلەر ئەۋرىشىم نوتىلىرىنى ئەتراپقا يېيىپ، مەيىن باھار شامىلىدا ئاستا ئېگىلىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. مەغرۇر سۇۋادان تېرەكلەر بولسا گويا باھار مەنزىرىسىنى كۆزەتكەندەك يوقۇرىدىن دالا ۋە باغلارغا ھەۋەس بىلەن قارىماقتا. مېۋە دەرەخلىرى گويا گۈللىرىدىن قىزلارغا كەشتە نۇسخىسى بەرمەكچى بولىۋاتقاندەك تېخىمۇ گۈزەل تۇسقا كىرىپ، قىزلارنى قېشىغا چىللىماقتا......" يۇقۇرقى قىسقىغىنە كۆرۈنۈشتە ئاپتور ئوخشىتىش، مۇبالىغە قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە كېيىنكى ئېپىزوتلاردا ھوسنىكام قىزىقنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى جاپالىق تۇرمۇشى بايان قىلىنغان "مەن" نىڭ ئەسلىمىسى ئارقىلىق ئۆتمۈش بىلەن ھازىرقى بەختىيار زاماننى رۇشەن سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئەسەردىكى ھوسنىكام قىزىق ۋە "مەن" نىڭ ئەسلىمىسى ئارقىلىق بېرىلگەن گۈزەل يېزا كۆرۈنۈشى ئاپتورنىڭ چوڭقۇر كۆزىتىشىدىن ھاسىل بولغان ھەقىقى رېئال تۇرمۇش كارتىنىسى.

بايان قىلىش بىلەن تەسۋىرلەش ئېپىك نەسىرلەردە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، ئاپتور تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنۈش ۋە خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش كىتاپخانلاردا شەيئىگە نىسبەتەن مۇھەببەت ياكى نەپرەت كۆز قارىشىنى پەيدىن - پەي تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئايرىم ھاللاردا لىرىك ھېسسىياتلارنىمۇ قوللانماي قالمايدۇ.

«باھار تەنتەنىسى» دە ئاپتور يېزىنىڭ باھاردىكى گۈزەل كۆرۈنۈشىنى لىرىك ھېسسىياتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كىتاپخانلارنىڭ ئالدىدا رۇشەن نامايەن قىلغان بولسا، ئاستا - ئاستا ۋەقەلىكنى بايان قىلىش يولى بىلەن ھوسنىكام قىزىقنىڭ "مەن"گە قىلغان ئەسلىمە سۆزلىرى ئارقىلىق يېزىنىڭ ھازىرقى قىياپىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى قىياپىتىنى رۇشەن سېلىشتۇرۇشتىن دەۋرىمىزگە ھازىرقىدەك يېڭىچە باھار مەنزىرىسىنى بەخش قىلغان پارتىيىگە مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت مەركىزى ئىدىيىگە ئۆتىدۇ. دېمەك، بۇ بىر پارچە ئېپىك نەسىردە لىرىكا، مۇھاكىمە ۋە بايان قىلىش ئۇسۇللىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن، مەركىزى ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشتە يەنىلا بايان قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

2. لىرىك نەسىر: لىرىك نەسىردە ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لىرىك نەسىرلەرنىڭ ھەجمى باشقا نەسىرلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر قىسقا، چاققان بولۇپ، سۆزلىرى تاۋلانغان، جۈملىلەر يېنىك تۈزۈلگەن بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ قىسقا، ئىخچام بولۇشىغا قاراپ خەۋەر خاراكتېرىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى مۇئەييەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئاپتور قەلبىگە تەسىر قىلغان مەلۇم ئەھمىيەتلىك كۆرۈنۈشى ياكى مەلۇم

بىر شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك ھەرىكەتلىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن قەلبىدىكى لىرىك تۇيغۇلارنى شۇ شەيئى ياكى ھادىسە ئۈستىگە يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ئاپتورنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنى خاراكتېرى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان شەيئى ئۈستىگە يىغىنچاقلانسا بولىۋېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مۇنداق بولۇشىمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس. لىرىك نەسىرلەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى خاراكتېرى ئوخشاش كېلىدىغان شەيئى ئۈستىگە يىغىنچاقلاپ، ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى خاراكتېرى ئوخشاش كېلىدىغان شەيئى ئۈستىگە يىغىنچاقلاپ، ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاپتوردىن كىتابخان ئالدىدا تاشقى كۆرۈنۈشى سۈرەتلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئەسلى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيىگە مۇناسىۋەتلىك شەيئىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنىڭ ماس بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تاشقى جەھەتتە سۈرەتلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتى بىلەن ئەسلى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىنىڭ ماھىيىتى ياكى خاراكتېرى ماسلاشمايدىكەن، ئۇ ھالدا مەركىزى ئىدىيىدىن خېلىلا چەتنىگەنلىك بولىدۇ ـ دە، ئاپتورنىڭ ئىپادىلىگەن نەرسىسى قۇرۇق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز يولداش غەيرەت ئابدۇللانىڭ «تىيانشان بويلاپ ...» نەسىرلەر سىكىلىدىكى «خانتەڭرى» ماۋزۇلۇق كىچىك نەسىرىگە قاراپ باقايلى: ئاپتور بۇ لىرىك كىچۈرمىدە مۇقەددەس ۋەتەن، ئۇلۇغ خەلقنىڭ ئوبرازىنى خانتەڭرىگە ئوخشىتىشتا بۇ جەھەتتىكى ئامىللارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. خانتەڭرىنىڭ جىرالىرى، كۆز يەتكۈسىز ئېگىز چوققىلىرىدىكى ئاپپاق قارلىرى، يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى چاقماق چېقىشلىرىنى ئاجايىپ ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەننى كۆكەرتىش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇلۇغ خەلقنىڭ تارتقان ئېغىر كۈلپەتلىرىگە ئوخشاتقان بولسا، ئارقىدىنلا مۇشۇ ئېغىر كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئارقىلىق پۈتۈن زېمىننىڭ ئەشۇ ئۇلۇغ خەلقنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، بۈيۈك خىسلىتى ۋە تەڭداشسىز غەيرىتى ئارقىلىق بەرپا بولغان "گۈلدىن ياسانغان زېمىن" غا ھەقىقىي مۇھەببەت باغلاپ، چىن دىلىدىن ئاپىرىدىن ئوقۇيدۇ: "يىراق ـ يىراقلارغا كۆز تىككىنىمدە، جۇلالىشىپ تۇرغان تاغ گۈللىرىنى كۆرۈپ، ھەسەن ـ ھۈسەن مۇشۇ گۈل زېمىننىڭ كۆكتىكى ئەكسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇم. تۇرۇپ يەنە پۈتۈن جاھاندا توقۇلىغان زىلچە ـ گىلەم، دوردۇن ـ ئەتلەسلەرگە، جۇملىدىن پۈتۈن گۈزەللىككە تەبىئەت ئەنداز بولسۇن، دەپ، تەقدىر بۇ زېمىننى شۇنداق كۆركەم كەشتىلەپ چىققانمىكىن، دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم..."

لىرىك نەسىرلەردە ئاپتور تۇرمۇشنىڭ مەلۇم كۆرۈنۈشىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق شۇ شەيئىگە بولغان قەلبىدىكى مۇھەببەتلىك ياكى قارشىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، كىتابخاندا شۇ شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنۈشكە تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىش بىلەن بىرگە، كىتابخاننىڭ قەلبىدىمۇ شۇ شەيئىگە نىسبەتەن بىر خىل كۆز قاراش تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. كىتابخان ئاپتور سۈرەتلەپ بەرگەن شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنۈپ يەتكەندىن كېيىن، شۇ شەيئىگە قارىتا تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قەلبىدە شۇ شەيئىگە قارىتا مۇھەببەتلىك

Altunoq

ياكى قارشىلىق ھېسسىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز دولقۇنلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. «خان تەڭرى» دېگەن نەسىردە ئاپتور يۇقارقى گۈزەل كارتىنىنى كىشىلەر ئالدىدا روشەن نامايەن قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا لىرىك چېكىنىش ئارقىلىق جاھالەت ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى ھەققانىي ھالدا تىغ كۆتەرگەن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى جانلاندۇرۇپ، قەھرىمان، پاراسەتلىك، ئىجاتكار خەلقنىڭ ئەمگەكچان قولى ياراتقان بۇ ئوتقاشتەك لالىلارنىڭ ئەشۇ قۇربانلارنىڭ قەۋرىلىرىگە يېپىلغان يوپۇق ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ئۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

لىرىك نەسىرلەرنىڭ سىمۋوللۇق ۋاستىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوبرازلىق تىل، ئوبرازلىق ئوخشۇتۇش، مۇبالىغە، رىتورىك سوراق، رىتورىك مۇراجىئەت قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدىكى ئوبرازلىق تىل ۋە ئوخشۇتۇشلار يالغۇز ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى، ئەسەرنىڭ ئىستېتىك كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئەسەردە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، كىتابخاندا ئەشۇ ئوبيېكتقا نىسبەتەن يا ئۇنداق، يا مۇنداق تونۇشنى پەيدا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لىرىك نەسىرلەرنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى لىرىك شېئىرلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، لېكىن ئۇ لىرىك شېئىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئا.ت. ئوتكۇرنىڭ «باش ئەگىم» دېگەن نەسرى شېئىرىدا ئاپتور بىر دەريا ئەگىمىسىنى سىمۋول قىلىش ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئالەمشۇمۇلىنى، ئازاتلىق تېڭىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرگەن: " ئەي مەلۇم قۇربانلار مازارى، سۆيگۈ دەرياسى — ھەسرەتلىك باش ئەگىم! ھامان سېنىڭ ئۈستۈڭنى بىر قارا ھىجران تۇمانى باسقان. سەن شۇنىڭ ئۈچۈن دەرتلىنىسەن، غەزەپلىنىسەن؛ ئاچچىقىڭدىن تاشتىن — تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاپپاق كۆپۈكلەر چاچرىتىسەن؛ جان ئاچچىقىڭدىن دولقۇنلىنىپ، شىددەتلىك ھۆۋلايسەن.

ھەققىڭ بار.

يەنە دەرتلەن، يەنە مۇڭلان، يەنە ئاچچىقلان!

تاشتىن — تاشقا ئۇرۇل، دولقۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈل!... يەنە تاش!

تاھىر بىلەن زۆھرانىڭ ياناق كۆزلىرى ھامان ساڭا تىكىلىپ تۇرماقتا. سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئىزگۈلۈك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھىنى يادلان!

تاھىر داستانىنى بىلەن دولقۇنلان!

ئۇنىڭ ئۈچۈن چەككەن ئەلىمىڭ، تارتقان دەردىڭ، جاپا ئەمگىكىڭ — مەڭگۈلۈك راھەت، مەڭگۈلۈك سائادەت!»

يۇقارقى پارچىنى ئوقۇغىنىمىزدا قاتتىق ئورکەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر تەبىئىي دەريا كۆز ئالدىمىزغا گەۋدىلىنىدۇ، لېكىن، ئاپتور بۇ تەبىئىي دەريانىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق توختىماس ئېقىندەك كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن.

لىرىك نەسىرلەردە ھېسسىياتنىڭ بىۋاستە ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن تىللارنىڭ مۇكەممەل، ئوبرازلىق ۋە ئىستېتىك كۈچىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئە-

گەر ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتى ئىخچام، ئوبرازلىق، تىللار ئارقىلىق، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى بىر كورۈنۈشى بولۇپ، ھېچقانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ بولمايدۇ. كىتابخانمۇ ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ۋە قايسى مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. لىرىك نەسىرلەرنىڭ ئوبرازلىق ئوخشىتىش ۋە سىمۋوللۇق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئۇسۇلى ئۇنىڭ مەنىلىرىنى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇش ئالاھىدىلىكى بارلىقىنىمۇ كورسىتىدۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك كىتابخانلارنىڭ ئەسەرنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنىغا قارىتا چوڭقۇر ئويلىنىش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، ئاپتور ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇنغا قارىتا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تونۇشنى تۇرغۇزۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ــ لىرىك نەسىرلەرنىڭ ھەممىسى بىرەر نەرسىنى سىمۋول قىلىش ئارقىلىق پىكىرنى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويىدۇ ــ دېگەنلىك ئەمەس؛ بۇ ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىدىكى مەزمۇننى قايسى يول بىلەن قانداق ئىپادىلەشتىكى ماھىرلىقىغا باغلىق.

ئومۇمەن قىلغاندا، لىرىك نەسىرلەردە ئاپتورنىڭ كۈچلۈك لىرىكىسى مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى بولۇپ، ئاپتور ئاساسەن لىرىكنى ئاساس. قالغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

3. مۇھاكىمىلىك نەسىر. مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردە بىرەر ۋەقە ياكى بىرەر پېرسوناژنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق شۇ شەيئىنىڭ ياكى ئىش ــ ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئاپتورنىڭ مۇھەببەتلىك ياكى قارشىلىق ھېسسىياتى ئېچىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، كىتابخاندىمۇ شۇ شەيئىگە نىسبەتەن بىر خىل تەسىرات قوزغايدۇ. مۇھاكىمىلىك نەسىر ھەم ئەدەبىيات تېچانلىق ھەم سىياسى خاراكتېرنى ئالغان بولىدۇ. بۇ خىل نەسىرلەرنىڭ ماتېرىيال ئېلىش دائىرىسىمۇ باشقا ئىپىك، لىرىك نەسىرلەرگە ئوخشاش ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئوبرازلىق تىل، ئوبرازلىق ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىق ۋاستىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە، ياكى شەيئى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، شۇ ۋەقە ياكى شەيئىنىڭ ماھىيىتى بېرىلىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك باشقا نەسىر ياكى باشقا تۈردىكى ئەسەرلەردە ئۆزى ئوبيېكت قىلغان شەيئى ياكى ھادىسە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس. باشقا تۈردىكى ئەسەرلەردىمۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوبيېكت ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن، مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردە كۆپۈنچە ھاللاردا مەركىزىي ئىدىيە ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ كورسىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماھىيىتى كىتابخاننىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇرۇلىدۇ. بۇ ساھەدە ھاجى ئەخمەتنىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» دېگەن نەسرى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىكرەك يېزىلغان ئەسەردۇر. ئاپتور بۇ مۇھاكىمىدە ئازاتلىق تېڭى ئالدىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا تۈرمىگە ئېلىنغان ئىككى مەھبۇسنىڭ سوراق ئالدىدىكى ھەرىكەتلىرىنى رۇشەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان ئېنىق سىياسى كوز قارىشىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، كىتابخاندىمۇ ھاياتقا قانداق مۇھەببەت باغلاشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا چۈشەنچە تۇرغۇزىدۇ. ئىنسانلاردا ئۆز ھاياتىغا مۇھەببەت باغلىمايدىغان ئىشلار بولمايدۇ. لېكىن بۇ ھاياتقا قانداق مۇھەببەت باغلاش كېرەك، خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ، ئۇ نېمە ئىش قىلدى، قايسى مەنىدە ئۆتكەن ھايات خەلق قەلبىدە ئەڭ ئۇزۇن ساقلىنىدۇ. خەلق نېمە ئۈچۈن بىر خىل

ھاياتقا مۇھەببەت باغلايدۇ، يەنە بىر خىل ھاياتتىن ژىركىنىدۇ؟ ئاپتۇر يۇقارقى سوئالغا ئىككى مەھبۇسنىڭ سوراق قىلىنىش ۋە قىيناشلار داۋامىدىكى ئەمەلىي ھەركىتىدىن كىتابخانىنىڭ جاۋاپ تېپىۋېلىشىنى ئويلايدۇ.

مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردە تۈپكى ئىدىيە رۇشەن سىپاتلاشتۇرما ئاساسىدا ئېچىپ بېرىلىپ، بۇ سىپاتلاشتۇرما ئارقىلىق كىتابخان شۇ شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تېپىۋېلىش ئاساس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتۇر ھاياتقا بولغان مۇھەببەت كۆزقارىشىنى جان ھەلقۇمىدىكى ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ ئۈستىگە يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭ پاتانىيىتىنى كىتابخان ئالدىدا رۇشەن سۈرەتلەش ئارقىلىق، قايسى خىل ھاياتقا مۇھەببەت باغلاش، كىم ئۈچۈن مۇھەببەت باغلاشنىڭ توغرىسىدا كىتابخاندا ھېسسىي چۈشەنچە تۇرغۇزىدۇ. ئاپتۇر ھاياتقا بولغان مۇھەببەت كۆزقارىشىدىن ئىبارەت مەركىزى ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىككى مەھبۇسنىڭ تۇتقۇنلۇق ھاياتى، سوراق، قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىش ئەھۋالىنى سۈرەتلەيدۇ. بىرىنچى مەھبۇسمۇ ئوخشاشلا سوراق سەھنىسىدە، دوزاق كەبى تۈرمىدە قىينىلىدۇ. ھەتتا تىللىرى گەپكە كەلمەي، ھاياتىغا خەۋپ يېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ياشاشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ ياشاش ئارزۇسى ئۇنىڭدا مەخپىي سىرلارنى ئېيتىپ قويۇشى بىلەنلا ھايات قېلىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازاپ ئىچىدە تىلىنى چايناپ سالغانلىقى ئۈچۈن گەپ قىلالماي، بىر نەرسىلەرنى چىقىراشقا باشلايدۇ. ئاڭقىرالمىغان تىرگاۋچى دەرھال قەغەز كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ياشاشقا بولغان ئارزۇسى قانچە كۈچلۈك بولسا، قەلەممۇ ئاق قەغەز ئۈستىدە شۇنداق تېز يورغىلايدۇ. ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالالماي، ئۆز دۈشمىنى ئالدىدا كۆزىدىن يوقۇتۇشقا تېگىشلىك بىر تىلسىز ھايۋانلار قاتارىغا ئوتۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى مەھبۇسمۇ ئوخشاشلا قاتتىق سوراق، قىيناشلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ ھاياتقا بولغان بىر خىل مۇھەببەت يۈرىكىدە لاۋۇلدايدۇ، ئۇنى دۈشمەن مەخپىي سىرلارنى ئاشكارىلاشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى، خائىننىڭ قولىيازمىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ قولىيازمىغا پەرۋاسىزلارچە نەزەر تاشلىغان قارشىلىق ھېسسىياتى تىرگاۋچىنىڭ ئىنقىلاپچىلارنىڭ ساپ قېنى بىلەن بويالغان ئىبلىس قولىنى توۋەن چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلايدۇ. مانا بۇ ئىككى خىل ھايات ۋە ھاياتقا بولغان ئىككى خىل مۇھەببەت. بۇلاردىكى پەرقمۇ مۇھەببەت باغلىغان ھاياتنى قانداق قەدىرلەش ۋە كىم ئۈچۈن قەدىرلەشتە. ئاپتۇر خەلق، ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلىرى بىلەن قەيسەرانە كۈرەش قىلغان ھەقىقىي ھايات ئىگىسىنىڭ ئۆز ھاياتىغا بولغان مۇھەببىتىنى قەدىرلەپ: « گۈزەل تاڭ شەپىقى ئۇنىڭ جەسىدىگە ئوتقاشتەك قىزىل يوپۇقنى يېپتى … » دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان رۇشەن پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئاپتۇرنىڭ بۇ خىل ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئالىي يالدامىسى ۋە مەدھىيىسى.

دېمەك، مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردە ئاپتور بىرەر شەيئى ياكى ھادىسىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك ياكى قارشىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، شۇ شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن كىتابخانىنىڭ قەلبىدىمۇ ئوخشاشلا بىر خىل تۇيغۇ قوزغايدۇ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مۇھاكىمىلىك نەسىرلەرنى يېزىش بىر قەدەر قىيىندەك كۆرۈنسە-

مۇ، لېكىن ئۇ ئۇنچىۋالا قىيىنمۇ ئەمەس قىيىن ئەمەسلىكى ئاپتوردىن شەيئىگە بولغان چوڭقۇر كۆزىتىش، ئۇزاق تونۇشۇش، ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئارقىلىق شۇ شەيئىگە قارىتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى نەسىر تۈرى باشقا تۈرلەرگە قارىغاندا ھەجمى جەھەتتىن قىسقا، دەللىكلىكى ياخشى، تېما تاللاش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى، پىكىرلەرنى سىمۋوللۇق ۋاستىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئوبرازلىق سۈرەتلەش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىتابخاننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تۈر. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى چوڭقۇر ماھىيەتلىك شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى كىتابخان بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشتۈرۈش جەھەتتىكى رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئاپتوردىن تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئى ياكى ھەرىكەتنى ئۇزاق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، قەلبىدىكى لىرىك تۇيغۇلارغا مۇلاھىزىسىنى قوشۇپ، ئوبرازلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق كىتابخاندا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تونۇشنى تۇرغۇزىدۇ. كىتابخان نەسىرلەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى ئوقۇغاندا تەھلىل كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى لىرىكىلىق سوز – جۈملىلەر ۋە ئوبرازلىق چۈشەنچىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش لازىم.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كېلىپ، ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىۋاتقان نەسىر تۈرى ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىياتىمىزدا راۋاجلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولماقتا. بۇندىن كېيىنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ۋە بەدىئىلىك جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، كۈنسايىن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئېلىمىزنىڭ 4 تە زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن ئۆز رولىنى جارى قىلغۇسى.

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

(بېشى 109 – بەتتە)

تەييارلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇ چاغدا توپا – چاڭ ئىچىدىكى چۆپ ئارىسىدىن 3 كىشى ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ – دە، پادىشاغا قاراپ ۋاقىراپتۇ: " شاھزادە ئىسكەندەرنى دەرھال قايتۇرمىساڭلار ئوردىنى كۆككۆم – تالقان قىلىۋېتىمىز ". بۇنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر پادىشاغا:

– قېنى بىز بىلەن ئېلىشىشقا تۇرامسىز؟ ياكى ئوڭ قول ۋەزىرلىرىڭىز بىلەن ئوردا ھوكۇماسىنى بىزگە تاپشۇرامسىز؟ – دەپتۇ. پادىشا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى سېزىپ، ۋەزىر بىلەن ھوكۇمانى ئىسكەندەرگە تاپشۇرۇپتۇ. ئىسكەندەر ئۇ ئىككىسىنى چەمبەر – چەس قىلىپ باغلاپتۇ ۋە ئانىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئوردا ۋە شەھەردىكى بارلىق خالايىققا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپتۇ. بۇ چاغدا پادىشا ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنى ۋە بالىسىنى تونۇپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. شۇ مەيداندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشالىقىنى ئوغلى ئىسكەندەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى جاكالاپتۇ. ئىككى چوڭ خوتۇننى سۈرگۈن قىلىپ، ئوڭ قول ۋەزىرى بىلەن ھوكۇمانىڭ بېشىنى ئېلىپ، يامان نىيەتلىك ۋەزىرلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شاھزادە ئىسكەندەر ئاتىسى ئورنىدا يۇرت سوراپ، مۇرات مەقسەتلىرىگە يەتكەن ئىكەن.

(پوسكام ناھىيە توغچى گۆڭشېدىن ئوسمان ئۆمەر توپلىغان).

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

## نىيەت

( چۆچەك )

پادىشا بىر كۈنى شىكارغا چىقىپتۇ . لېكىن ، سەيلى ـ ساياھەت قىلىمەن دەپ ئۆز ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ . ئۇ ، ئىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈپ ، يىراقتا تۇرغان بىر يالغۇز ئۆينى كۆرۈپتۇ ۋە ھارغان ئېتىنى شۇ تەرەپكە قاراپ بۇراپتۇ.

بۇ ئۆيدە بىر موماي يالغۇز قىزى بىلەن تۇرىدىكەن ؛ موماي بۇ كىشىنىڭ پادىشا ھەزرەتلىرى ئىكەنلىكىنى كورۈپ ، ئۆيگە باشلاپتۇ . ياخشى غىزا ـ نېمەتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن پادىشا بۇ مىزىلىك تاماقلارنى يەپلا ، ئۇيقىغا كېتىپ قاپتۇ . شۇ ئۇخلىغانچە بىر ئاش پىشىم ئۇخلاپتۇ . كەچ بولۇپ قالغانلىقتىن ، بۇ يالغۇز مومايىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قىلىشقا توغرا كەپتۇ.

بۇ مومايىنىڭ بىر سۈتلۈك سىيىرى بار ئىكەن . كەچتە قىزى ھويلىغا چىقىپ سىيىر سېغىپتۇ . سىيىر بىر قازان سۈت بېرىپتۇ .

پادىشا بۇنى كورۈپ " بۇ سىيىر كوپ سۈت بېرىدىكەن،مەن سارايغا قايتقىنىمدا بۇ مومايدىن ھەر كۈنى بىر قازان سۈت تەلەپ قىلىمەن » دەپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ .

تاڭ ئېتىپتۇ . قىز يەنە سىيىر سېغىپتۇ . بۇ قېتىم سىيىر ناھايىتى ئاز سۈت بېرىپتۇ . قىز ئانىسىغا :

— ئانا، سىيىرىمىز ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ ! سۈتى ناھايىتى ئاز چىقتى، ـ دەپتۇ .

موماي بېشىنى چايقاپ :

— ئېھ ، پادىشايى ئالەم ، سىزنىڭ نىيەت ـ ئىقباللىرىڭىز بۇزۇلغان ئوخشايدۇ . بۈگۈن سىيىرنىڭ سۈتى قاچتى ، ـ دەپتۇ.

پادىشا ھەيران بولۇپ :

— نېمە سەۋەپ ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر ئەۋلىيالارنىڭ نىيىتى ئادىل بولسا، خەلقى زىيان تارتمايدۇ،ئەگەر نىيىتى بۇزۇلسا، خەلقى زىيان تارتىدۇ ، ـ دەپتۇ موماي جاۋاپ بېرىپ.

بۇ چاغدا پادىشا ئۆيالغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بوپتۇ.

( مەكىت ناھىيە يانتاق گۈڭشېدىن ئەختەم ئۆمەر ئاڭلاپ يېزىۋالغان )

# شاھزادە ئىسكەندەر

## ( چۆچەك )

ئۆتكەن زاماندا، يىراق مەملىكەتنىڭ بىرىدە بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ پادىشانىڭ ئوردا قانۇنى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، ئوردا ئىچىدە كىمىكى كېسەل بولۇپ، 7 كۈنگىچە ساقايمىسا بېشىنى ئېلىش بەلگۈلەنگەن ئىكەن. پادىشانىڭ 3 خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى ئوردا ھۆكۈمىسىنىڭ سىڭلىسى، ئوتتۇرانچى خوتۇنى ئوردا ۋەزىرىنىڭ قىزى، كىچىك خوتۇنى شەھەردىكى بىر داڭلىق سودىگەرنىڭ قىزى ئىكەن. پادىشا كۆپ ھاللاردا ئوڭ قول ۋەزىرى بىلەن ھۆكۈمىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدىكەن. پادىشا كىچىك خوتۇنىغا شۇنداق ئامراق ئىكەنكى، ھەتتا تەختتە ئولتۇرغاندىمۇ، كىچىك خوتۇنىنى بىرگە ئېلىپ چىقىدىكەن، كىچىك خوتۇنى بۇ دۇنيالىقتا تەڭداشسىز ساھىپ جامال بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر سائەت ئايرىلسا چىۋىن يەۋالغاندەك قاپىغى ئىچىلمايدىكەن. پادىشانىڭ بۇ ئىشىغا باشقا ئىككى خوتۇنىنىڭ كۈندەشلىكى كەلسىمۇ، لېكىن ئېغىزدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايدىكەن. بۇ ئىشتىن ئوڭ قول ۋەزىر بىلەن ئوردا ھۆكۈماسى خەۋەر تاپسىمۇ، لېكىن، پەيت كۈتمەكتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىكەن. پادىشانىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بىر قىزى بولۇپ، ئۇ 5 ياشقا كىرگەن يىلى كىچىك خوتۇنى سىزدىك تارتىپ تاماقتىن قاپتۇ. كۆڭلى قوي سۈتىدىن باشقىنى خالىمىغانلىقتىن، كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ، ئاخىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشا كىچىك خوتۇنىغا قىلمىغانلىرى قالماپتۇ. قاتتىق سىزدىك ئازاۋى بولسا مەلىكىنى قىيناپتۇ. پادىشا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىككە ئورۇنغان بولسىمۇ، لېكىن كۈندەشلىكتىن يۈرىكى زەرداپ بولغان ئىككى چوڭ خوتۇنى بۇ ئىشنى ئوردا ئىچىگە بىر قىلىۋېتىپتۇ. ئوردا ئولىمالىرى، بولۇپمۇ ئوڭ قول ۋەزىر بىلەن ھۆكۈما غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئوردا قانۇنىنى كۆز - كۆز قىلىشىپتۇ. كىچىك خوتۇنىنىڭ ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىنى، ئوردا قانۇنىنىڭ بۇ ئىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى بىلگەن پادىشا بۇ خاپىچىلىقتىن قۇتۇلۇش مەخسىدىدە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرىپتۇ. كۆپ تالاش - تارتىشتىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر بىلەن ئوردا ھۆكۈماسى . "كىچىك مەلىكىنى ئۆلتۈرمىسەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئەلنى قانداق باشقۇرغىلى بولسۇن؟" دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئوردا قانۇنىنى ئىجرا قىلىش، پادىشانىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، ئاخىرى كىچىك مەلىكە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. پادىشا ھۆكۈرەپ يىغلاپ، ئىلاجسىز ھالدا جاللاتنى چاقىرىپتۇ ھەمدە ئۇلارغا ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ ئېيتىپتۇ:

— مەن كىچىك مەلىكىدىن ئايرىلىپ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغىنىمنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئوردا قانۇنىنى ئىجرا قىلماقلىق ۋاجىپ، شۇڭا سىلەر مەلىكىنى كۆزۈمدىن يىراق چۆلگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈڭلار، شۇ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئىككى ئورۇم چېچىنى ئالغاچ كېلىڭلار ھەمدە مۇنۇ خەتنى بېلىگىگە چىگىپ قويۇڭلار، - دەپ بىر پارچە خەتنى بېرىپتۇ. جاللاتلار كىچىك مەلىكىنى ئوردىدىن

نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى كەگرى سايغا ئېلىپ بېرىپتۇ. مەلىكىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ئولتۇرۇش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ. ئىككى ئورۇم چېچىنى كېسىۋېلىپ، پادىشانىڭ خېتىنى بېرىپتۇ - دە، مەلىكىنىڭ باشقا يەرلەرگە بېرىپ پانالىنىشىنى ئېيتىپ يولغا ساپتۇ. مەلىكىمۇ قولىغىدىكى كۆمۈش مۇنچاقلىرىنى چاللاتلارغا بولۇپ بېرىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندە پادىشانىڭ كىچىك خوتۇنى يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى كەگرى، ئادەملىرى مېھماندوست بىر كەنتكە چۈشۈپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىماستىن، شۇ كەنتتە تۇرۇپ قاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپ مەلىكە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالىسىغا ئىسكەندەر دەپ ئات قويۇپتۇ. بالا ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ھۈنەر - سەنئەت، ئىلىم-بىلىمگە قىزىقىدىكەن. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ بالا يىگىتلىك قورامىغا يېتىپتۇ. بۇ يىگىت بىلىم - سەۋىيىدە كامالەتكە يېتىپلا قالماستىن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ۋە باشقا ھۈنەرلەردە يۇرتلار ئارا تونۇلۇشقا باشلاپتۇ. يىگىت 20 ياشقا كىرگەن يىلى ھەر تەرەپتىن ھۈنەر ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلار 400 دىن ئېشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى بالىسىنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ - دە، بىر پارچە خەتنى بېرىپ تۇرۇپ دەپتۇ:


— بالام، بۇ خەت سىنىڭ داداڭنىڭ خېتى، بۈگۈنكى كۈندە سەن ئاق - قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولدۇڭ. بۇنى ئوقۇپ ئۆزەڭ بېلىپ بىر ئىش قىلارسەن... - ئىسكەندەر خەتنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ، خەتتە "...مەن سەندىن ئايرىلىپ ئوردىدا تۇرۇشنى راۋا كورمەيمەن. ئوڭ قول ۋەزىرىمنىڭ يامان نىيىتىدىن خۇدايىم قىساس ئالار..." دېيىلگەن ئىكەن، ئىسكەندەر ئانىسىدىن سورىغان ئىكەن، بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرىپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى يېنىپتۇ، شۇندىن باشلاپ ئۇ بىر تەرەپتىن شاگىرتلىرىنى قىلىچ، نەيزىۋازلىققا تەربىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەنتتىكى مۇۋاپىق ئورۇننى تاللاپ ئوردا - قەسىر بىنا قىلىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن 5 يىل ئۆتكەندە ئوردا پۈتۈپ، كىچىك كەنتتە شەھەر بارلىققا كەپتۇ. ئۇنىڭ شاگىرت، لەشكەرلىرى توت مىڭدىن ئېشىپتۇ. ئىسكەندەر يوقسۇل - كەمبەغەللەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىماپتۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ ئىش يۇرت چوڭلىرى ئارقىلىق ئوردىغا مەلۇم بوپتۇ. پادىشا دەرغەزەپكە كېلىپ: "مېنىڭ مەملىكىتىمدە ئىككىنچى بىر ئوردا بىنا قىلىپ مەندىن پادىشالىق تالاشقان تايىپە دەرھال ئوردىغا كەلتۈرۈلسۇن" دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، نەۋكەرلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئىسكەندەر ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشا قارىغىدەك بولسا بۇنداق كېلىشكەن چىرايلىق يىگىت دۇنيادا تېپىلمىغىدەك. ئىسكەندەرگە ھەۋىسى كەلگەن پادىشا ئۇنى ئولتۈرۈش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ. ھىلىقى ئوڭ قول ۋەزىر بولسا پادىشاغا: "بۇ يىگىتنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئالتۇننىڭ ئۇرىغىنى تېپىپ كەلسە، ئوردىمىز قانچىلىك باي بولار ئىدى - ھە؟" دەپ مەسلىھەت كورسىتىپتۇ. پادىشا ماقۇل بولۇپ ئىسكەندەرنى ئالتۇننىڭ ئۇرىغىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەگەر تېپىپ كەلمىسە بېشى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىسكەندەر ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى دەپتۇ ھەمدە بىر خالتا تىرىق قاچىلاپ پادىشانىڭ ئالدىغا راۋان بوپتۇ. چۈنكى ئوردىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى تىرىقنى كورۇپ باقمىغان ئىكەن. ئىسكەندەر پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ - ئالتۇننىڭ ئۇرىغىنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ خالتىنى كورسىتىپتۇ. پادىشا سوراپتۇ:

— بۇنى قانداق ۋاقىتتا تېرىش مۇۋاپىق؟

— ھازىر ئېرىتسا قىمۇ بولىۋېرىدۇ. لېكىن بۇنى ئېرىتىدىغان يەرنى ئۆزەم تاللايمەن، — دەپتۇ ئىسكەندەر.

پادىشا ماقۇل بوپتۇ. ئىسكەندەر پۈتۈن ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ قوراسى ئالدىدا كېلىپ توختاپتۇ — دە، ئالتۇننى مۇشۇ يەرگە تېرىش كېرەك — دەپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالسىمۇ، لېكىن كېيىنكى بايلىقنى كوزدە تۇتۇپ، ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ قورا — جايلىرىنى چېقىپ تەپ — تەكشى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. چاكارلار 3 كۈن دېگەندە چېقىپ بوپتۇ. پادىشا: "يەر تەييار بولدى، ئۇرۇقنى كىم چاچىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. "ئالتۇننىڭ ئۇرىقى ناھايىتى نازۇك نەمە، بۇنى ئۆمرىگە كىلىپ كېسەل بولمىغان كىشى چېچىشى كېرەك » دەپتۇ ئىسكەندەر. پادىشا ئۇيان-بۇيان سۈرۈشتە قىلىپ ئۆمرىدە كېسەل بولمىغان ئادەمنى تاپالماي مات بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كورگەن ئوڭ قول ۋەزىر "ئۆيلىرىمنى تولەپ بەر. بولمىسا بېشىڭنى ئالىمەن » دەپ ئىسكەندەرگە ئېسىلىپ غەۋغا قىلىشقا باشلاپتۇ. ئىسكەندەر: ماقۇل بوپتۇ ھەممىدە ۋەزىرگە "ئۆيىڭىزنى بۇرۇنقىدىنمۇ ھەشەمەتلىك قىلىپ سېلىپ بېرىشكە مەن كېپىل، لېكىن ھويلا — قەسىرىڭىزنى نەگە سېلىشنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ » دەپتۇ. ۋەزىر ئۆچ ئېلىشنىڭ پەيتى كەلدى — دەپ بىلىپ، ساقىلىنى سىلاپ بىر ھىلە ئويلاپتۇ — دە، ئاسماننى كورسىتىپ ئىسكەندەرگە:" مەن قەسىرىمنى ئەنە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا سېلىشنى خالايمەن. ئاسمانغا ئۆي سالىدىغان ئۇستا تېپىپ كەلمىسەڭ، بېشىڭنى ئالىمەن » دەپتۇ. ئىسكەندەر بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئۆز شەھرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئىسكەندەر كىچىكىدىن تارتىپلا دۇنيادا بار بولغان قۇشلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر جۈپتىن بېقىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ بىر جۈپ تورغاي سولانغان قەپەزنى ئاپتۇ — دە، ئۆزىنىڭ لەشكەر بېشىنى چاقىرىپ، ئانىسى ۋەشاگىرت — لەشكەرلەرنى ئارقىسىدىن ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى 2 خىزمەتچىسىنى ھەمرا قىلىپ ئوردىغا قاراپ ئالدىن مېڭىپ كېتىپتۇ. پادىشانىڭ ئالدىغا بىرىپ ئاسمانغا تام سالىدىغان ئۇستامنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن خىش ۋە لايغا ۋەزىرنىڭ مەسئۇل بولۇشى لازىملىقىنى ئەيتىپتۇ. ۋەزىر بۇنى ئاڭلاپ "قېنى، ئۇستامنى كەلتۈر » دەپ ۋاقىراپتۇ. ئىسكەندەر بىر جۈپ تورغاينى قويۇپ بەرگەن ئىكەن، تورغاي ئېگىز كوككە ئورلەپ ئوردىنىڭ ئۈستىنى بىر چوگىلەپتۇ — دە، كېيىن بىر نوختىغا كېلىپ توختاپ قانات قېقىپ " چۇ، چۇ، چۇ » قىلىشقا باشلاپتۇ. ئوردىدىن چىقماي، تورغاي دېگەن جانىۋارنى كورۇپ باقمىغان ئوردا ئەھلىلىرى ھەيران قاپتۇ. شۇ چاغدا ئىسكەندەر ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بىرىپ: "قېنى، ئۇستام خىش بىلەن لايىنى ئۈزىتىپ بەرسۇن دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ. چاققان بولۇپ ئۇستامغا خىش يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز » دەپ سۆيلەپتۇ. كوك ئاسمانغا خىش يەتكۈزەلمەسلىكىنى بىلگەن ۋەزىر قاتتىق شەرمەندە بوپتۇ — دە، ئاچچىقىدا پايلىماي "جاللات»دەپ ۋاقىراپتۇ. جاللاتلار تەييار بوپتۇ، ئىسكەندەر بولسا قاھ — قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر خەۋەرچى ھاسىراپ — ھەمىدەپ كىرىپ پادىشاغا نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننىڭ ئوردا تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەيتىپتۇ. پادىشانىڭ كوزلىرى ئالاق — جالاق بولۇپ قورققىنىدىن پۇت — قوللىرى سىقىراشقا باشلاپتۇ. ئوردا ئالدىغا چىقىپ قارىسا جاھاننى قاپلىغان توپا — چاڭنىڭ دىستىدىن ھېچنىمىنى كورەلمەپتۇ. پادىشا لەشكەرلىرىگە جەڭگە

(ئاخىرى 105 — بەتتە)



# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

## يول

ھېكايە

تېن پاۋۇل رىنچېتي (گېرمانىيە)

يېڭى يىل كېچىسى .

بوۋاي دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى ، بىردىنلا ئۇنىڭ غەمكىن كوزلىرى زۇمرەت ئاسمانىدا كولىنىڭ يۇزىدە لەيلەپ يۇرگەن ئاق لەيلىگۇلدەك تېنىمسىز يۇلتۇزلارغا تىكىلدى . ئاندىن يەر يۇزىگە نەزەر سالدى ـ دە ، تېخىمۇ ئۇمىتسىز بىر نەچچە مەخلۇقنىڭ ئوزلىرىنىڭ مۇقەررەر بارارگاھى ـ گورۇستانلىقنى كوزلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالدى . ئۇ ، ئومۇر سەپىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بېسىپ بولغان بولسىمۇ ، سەۋرى ـ خاتالىق ، توۋە ـ پۇشايماندىن باشقا ھېچ نەرسىگە داخىل بولالمىغان ، ھالبۇكى ، ياشانغىنىدا تېنى زەئىپلىشىپ ، زېھنى تۇتۇلۇپ ، يۇرەك ـ باغرى دەرتكە تولغاندا تەسەللىسىز قالغان ئىدى.

ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى كوز ئالدىدا ئەكس ئەتتى . ئاتىسى ئۇنى بىرى ، كىشىلەرنى مۇڭلۇق ناخشا ساداسى ياڭرىغان باياشات ، ئاسايىش ، پارلاق زېمىنگە باشلايدىغان ، يەنە بىرى ، يىلان ـ چايانلار ۋىژىلداپ تۇرىدىغان ، سۇ ئورنىغا زەھەر ئاقىدىغان ، بارسا كەلمەس قاراڭغۇ ئوڭكۇرگە باشلايدىغان ـ بۇ ئىككى يولنىڭ دوخمۇشىغا ئەككىلىپ قويغان چاغدىكى جىددى پەيتنى ئەسلىدى.

ئۇ ، ئاسمانغا قاراپ ئازاپلانغان ھالدا :

" ئېھ ياشلىق قايتىپ كەلسەڭچۇ ! ھەي ئاتا ، مېنى تۇرمۇش يولىغا قايتا ئېلىپ كەلسەڭ ، ئەندى تۇزۇگرەك تاللىۋالسامچۇ ؟ ! " دەپ توۋلىۋەتتى ، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى ئاللا بۇرۇن كەلمەسكە كەتكەن ئىدى.

ئۇ ، تېنىمسىز نۇرلارنىڭ قاپقارا سازلىق ئۇستىدىن ھالقىپ غايىپ بولغانلىقىنى ، بىر يۇلتۇزنىڭ ئاسمان جىسمىدىن تېزىپ ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىدى . بۇ نۇرلار ئۇنىڭ بىھۇدە ئوتكۇزىۋەتكەن كۇنلىرىنىڭ ، بۇ يۇلتۇز ئۇنىڭ دەل ئوزىنىڭ سىمۋولى ئىدى . پايدىسىز پۇشايماننىڭ نەشتىرى ئۇنىڭ يۇرىكىگە سانجىلدى ـ دە ، تۇرمۇشقا بىللە قەدەم تاشلاشقان سەبى ھەمراھلىرى خىيالىدىن كەچتى. ئۇلار ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئەجىر ـ ئەمگەك يولىنى تاللىغاچقا ، بۇگۇنكى يېڭى يىل كېچىسىنىڭ بەختى ـ سائادەت ، شان ـ شەرەپلىرىدىن بەھرىمەن بولالىغان ئىدى .

ھەيۋەتلىك چېركو مۇنارىسىدىن چىققان قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۇۋىدە ياڭراپ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاداشقان ئوغلىغا قىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى مېھرى ـ شەپقەتلىرى ، پەندى ـ نەسىھەتلىرى ۋە دۇئا ـ تەك ـ

بىرلىرىنى ئەسلەيتتى . ئۇ ، چەكسىز نومۇس
ۋە ئازاپ ئىچىدە قالدىكى ، ئاتىسىنىڭ روھى
ئىمىن تاپقان ئەشۇ جەننەتكە قايتا نەزەر سې-
لىشقىمۇ پېتىنالمىدى ، ئۇ ، خىرەلەشكەن كوز-
لىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ ، بىر
قېتىملىق ئۇمىتسىز تىرىكىشتىن كىيىن ، ئا ـ
رانلا دىگەندە " قايتىپ كەلسەڭچۇ ياشلىقىم !
قايتىپ كەلسەڭچۇ ؟ " دەپ ئوكسۇپ ـ ئوك ـ
سۇپ يىغلىۋەتتى.

دەرۋەقە ، ئۇنىڭ ياشلىقىمۇ قايتىپ كەل ـ
دى ، چۈنكى بۇ تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسى ئۇ ـ
نىڭ يېڭى يىل كېچىسىدىكى ئۇيقىسىغا مېھمان
بولغان چۈشى ئىدى . گەرچە ، ئۇنىڭدىن
نۇرغۇن سەۋەنلىكلەر ئوتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا
ئاۋالقىدەك ياشىرىپ كەتتى . ئۇ، خۇدانىڭ
ھىلىھەم بۇ كۈنلەرنى ئوز ئىلىكىدە تۇتقۇزغان ـ
لىقىغا ، پارلاق ، باياشات ، ئاسايىش زىمىن ـ
گە باشلايدىغان يولنى تاللاشقا يەنىلا پۇر ـ
سەت بەرگەنلىكىگە چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتتى .

تۇرمۇش بوسۇغىسىدا تىڭىرقاپ ، قايسى
يولنى تاللاشقا دىلغۇل بولىۋاتقان كىشىلەر
ئېسىڭلاردا بولسۇنكى : ئومرىڭلار ئوتۇپ ، بىر
پۈتۈڭلار گورغا ساڭگىلىغاندا : " ئېھ ، ياش ـ
لىق ! قايتىپ كەلسەڭچۇ ! ھەي خۇدا ، ئوت ـ
كەن كۈنلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭچۇ ! "
دەپ زار ـ زار قاخشايسىلەر . بىراق ، بۇ
چاغدا مىڭ قاخشىغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەل ـ
مەيدۇ خالاس.

(ئىنگلىزچىدىن نىغمەت رىشات ھاجى تەر ـ
جىمە قىلغان)

---

(بېشى 118 ـ بەتتە)
دىگەن گېپىنى قەغەزگە يېزىپ ئۇنىڭغا كۆرسە ـ
تەتتى .

ۋاقتىنىڭ ئوتۇشى بىلەن بالىمۇ ئەھۋالنى
ئاڭقىرىپ قالغاندەك ئىدى. بىر كۈنى نيۇ ـ
جۇېرۋي ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، بالا يېزىق
جۇزىسىنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كېلىپ ئوماق
قوللىرى بىلەن ئامىلى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان
قەلەمنى ئالدى ـ دە، دەپتىرىگە قالايمىقان
بىر نىمىلەرنى جىجىلىدى. نيۇجۇېرۋي كەلسە ـ
كەلىمەس جىجىلانغان بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ،ئۇنىڭ كوزىدە ياش
لىغىلداپ قالغان ئىدى.

ئامىلى ئاتا ـ بالا ئىككىيلەنگە قاراپ، يۈ ـ
رىگى پىچاق بىلەن قوچۇلىغاندەك بولۇپ كەتتى.
شۇ ئەسنادا نيۇجۇېرۋي بېشىنى كوتۇرۇپ
ئامىلىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

ـ ئامىلى ...... بۇ بالا نىمە دىگەن ئو ـ
ماق ـ ھە! قارىغا، ئۇنىڭمۇ سىزنى دوراپ خەت
يېزىپ مەن بىلەن سوزلەشمەكچى بولغىنىنى!.........ـ دىدى.

ئامىلىنىڭ قەلبىدە ئوز ئېرىغا بولغان
ھىسداشلىق ۋە كۆيۈنۈش تولۇپ تاشتى، ئۇ
بەكمۇ بىئارامىلىق ھىس قىلدى، لېكىن ئۇ
نيۇجۇېرۋيگە تەسەللى بېرىش ۋە ئۇنىڭ كوڭلى ـ
نى خوش قىلىش ئۈچۈنلا نائىلاج زورۇقۇپ
كۈلۈپ قويدى.

داۋۇت غازى تەرجىمىسى

AltunOq

# نائىلاج زورۇقۇپ كۆلۈش

(ھېكايە)

دىڭ چاڭ (بىرما)

ئۇ ھەر قېتىم ئىشقا بارغان، ئىشتىن قايتقانلىرىدا ھامان ئامىگىنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ بىرەر بو چۇچۇك ئالما ياكى بىرەر قاپ تاماكا سېتىۋالاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشى بىلەن ئۇلار ئىككىسى تونۇشۇپ قالدى.

دۇكانغا چۇچۇك ئالما ئېلىش ئۈچۈن خېرىدارلار كەلسە، ئامىڭ ئۇلارنى كۈتەتتى، بىكار قالسا، قولىغا بىرەر پارچە ژورنال ياكى ھېكايىغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ زېرىكمەي ئوقۇيتتى.

ئامىڭ ھەر قېتىم نيۇجۇبرۇينى ھامان ئېنگلىزچە ياكى بىرما يېزىقىدىكى كىتاپلارنى كۆتىرىپ يۈرگەن ھالدا چېلىقتۇراتتى-دە، ئىچىدە: "بۇ چوقۇم كىتاپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىكەن!» دىگەننى قەيت قىلاتتى.

بىر كۈنى نيۇ جۇبرۇي ئىشتىن قايتىپ كېتىۋېتىپ ئامىگىنىڭ دۇكىنىغا تاماكا ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندە ئۇنىڭدىن

— سىزمۇ كىتاپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى. ئامىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى بىلىنەر — بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى.

— ياخشى، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرسىڭىز ناھايىتى ياخشى، — دېدى نيۇجۇبرۇي تەبەسسۇم بىلەن ئامىگنى ماختاپ.

ئامىگىنىڭ نەزىرىگە ئۇنىڭ تەبەسسۇمى شۇنچە شېرىن تۇيۇلدىكى، ئۇمۇ خۇددى شۇنداق تەبەسسۇم بىلەن ماسلاشتى — يۈز، بىراق ھېيىقىپ يەرگە قارىۋالدى....

ئامىڭ بېشىنى كۆتەرگەندە، نيۇ جۇبرۇي ئاللىقاچان دۇكاندىن چىقىپ يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ نيۇجۇبرۇينىڭ ئارقىسىدىن مەجنۇنلارچە تەلمۈرۈش ئىچىدە: "ئەجەبمۇ چىرايلىق يىگىت ئىكەن!» دەپ تەرىپلىدى.

نيۇ جۇبرۇينىڭ رەڭگى — روھى — قويۇق

---

دىڭ چاڭنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋۇچالى، بىرمىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى، ئۇ 1917 — يىلى بىرمىنىڭ لەيگۇ بازىرى باگچى كەنتىدىكى ئاددى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1946 — يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرى ئەسەرلىرى بىرمىدا چىقىدىغان «دىدو» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان، ھەممىدە بىرمىنىڭ «شىيۇماۋا» «مياۋۋادى» دىگەن داڭلىق ئەدەبىي ژورناللاردا ئۇنىڭ پوۋېست، ھېكايىلىرى كۆپ قېتىم ئېلان قىلىنغان. 1953 — يىلى ئۇنىڭ تۇنجى رومانى «جۇلالىق مەرۋايىت» كەتتا پىخانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە «بىرما كالەندارىدىكى ئىدىكا بىر» «ئەمدى ھەرگىز ئاچ قالمايمىز»، «سوغاي» قاتارلىقلار بار.

دىڭ چاڭ دەسلەپتە «كۆزۈتۈش» «يۈكسىلىش» ژورناللىرىنىڭ مۇھەررىرى بولغان، كېيىن يەنە بىرما دۇنيا تېچلىقىنى قوغداش كومىتېتى، بىرما يازغۇچىلار كۇلۇبى ۋە بىرما ئەنئەنىۋى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

قاشلىرى، يوغان كوزلىرى، ئىگىز قاڭشالىق بۇرنى ۋە ھەممىشە شىرىن تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان لەۋلىرى ئامىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ئىدى......

سادە، سالاپەتلىك ۋە رەتلىك كىيىنگەن نيۇ جۇۋرۇي تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، ئاقكۆڭۈل ۋە سەبىر ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى دەل ۋاقتىدا ئىشقا باراتتى، ۋاقتىدا ئىشتىن قايتاتتى، ئۇنىڭ ھوكۇمەت ئورگىنىدىكى مەسئۇلىيەتچان بىر خىزمەتچى ئىكەنلىكى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئامىنىڭ دۇكىنى كوچىنىڭ بىر چېكىسىدە بولۇپ، ئالدى تەرىپى ئاپتوموبىل بېكەتتى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ دۇكانغا كېلىپ مال ساتقىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، تېخى يازلىق تەتىلدىن كېيىنلا بۇ يەرگە كېلىپ ئانىسىغا ياردەملەشكەن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئورمانچىلىق ئىشلىرى ئەمەلدارى بولۇپ، بوۋاي پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قالغاچقا، تېجەپ يىققان ئازغىنە پۇلىنى خەجلەپ تۈگىتىپ بولغان ئىدى. تەلىيىگە ئامىنىڭ ئانىسى بۇ چۇچۇك ئالما سېتىش دۇكىنىنى ئاچتى، بۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئاران قامدىلىدىغان بولدى.

ئامىنىڭ ئاكا - ئۇكا بەشەيلەن ئىدى، چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى ئاكىسى ئويلىنىپ، ئوي - ئوچاقلىق بولغان بولۇپ، قالغان ئۇچەيلەننىڭ ئىچىدە ئامىنىڭ ئەڭ چوڭى ھىساپلىناتتى. شۇڭا ئۇ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش بىلەن، ئاندىن قالسا ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئوي ئىشلىرىنى قىلىش بىلەنلا بەنت ئىدى. ئۇ 9-سىنىپنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىنى تېخى يېقىندىلا تۈگەتكەن ئىدى.

ئاخشام، ئامىنىڭ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى،

نيۇ جۇۋرۇي ھامان ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەيتتى، نيۇ جۇۋرۇينىڭ تەبەسسۇم چىرايى ئۇنىڭ كوز ئالدىغىلا كېلىۋالاتتى. بۇ نىمە دىگەن تەمكىن، نىمە دىگەن شىرىن تەبەسسۇم - ھە! بىردىنلا ئۇنىڭ قەلبىدە تەسۋىرلەشكە قىيىن بىر خىل ھىسسىيات پەيدا بولدى - دە، ياشلىق باھارى ئۇرغىغان بۇ قىزنىڭ تومۇرلىرىدا ئىسسىق قانلىرى ئۇركەشلەپ، پىكىر - خىيالى گويا قانات چىقارغاندەك يىراق - يىراقلارغا پەرۋاز قىلدى.

— بۇ ئايلىق ژورنالنى كورگەنمىدىڭىز؟، نيۇ جۇۋرۇي ئەتىگىنى ئىشقا بارىدىغان چاغدا، قولىغا بىر ژورنالنى ئالدى - دە، دۇككانغا كىرىپ ئۇنىڭدىن شۇنداق سورىدى.

— ياق، كورمىگەن، - دىدى ئامىنىڭ بېشىنى چايقاپ.

— ئەگەر كورگىڭىز بولسا، ئاپىرىپ كورۈڭ. ئۇنىڭدا مېنىڭ «مۇھەببەت يامغۇرى» دىگەن ماۋزۇدىكى بىر پارچە ھىكايەم بار......

نيۇجۇۋرۇي سوزلەۋېتىپ ژورنالنى ئەينەك كومزەكنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويدى. ئامىنىڭ دەماللىققىچە ژورنالنى ئالماي تۇرۇپ، نيۇجۇۋرۇيگە دىققەت بىلەن قاراپ قالدى. نيۇجۇۋرۇي كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۇدۇل ئاپتوموبىل بېكىتى تەرەپكە كەتتى.

ئامىنىڭ قەلبى بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئۇ نيۇ جۇۋرۇينىڭ كىتاپ ئوقۇشنى ياخشى كورىدىغانلىقىنى يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىر يازغۇچى ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۇرۇپ باقمىغان ئىدى. نيۇ جۇۋرۇينىڭ قارىسى غايىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئامىنىڭ ئەينەك كومزەك ئۇستىدىكى ھېلىقى ژورنالنى دەررۇ ئالدى - دە، نيۇجۇۋرۇي يازغان «مۇھەببەت يامغۇرى» دىگەن ھىكايىسىنى ئىزلەشكە باشلىدى.

مانا ئۇ ئاخىرى بۇ ھېكايىنى تاپتى. ئاپتورنىڭ «نيۇ جۇبروۋي» دېگەن ئىمزاسى تۇراتتى. ئامىڭ بۇ ھېكايىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇيتتى. بىراق، دەل مۇشۇ چاغدا خېرىدارلار خۇددى قىيىشقاندەك ئۈزۈلمەي كېلىپ ئۇنى قوچۇيتتى، تىت-تىت قىلاتتى. ھېكايىدا ئىشقى-مۇھەببەت سىپتا قەلەم بىلەن تەسۋىرلەنگەن ئىدى.

ھېكايە ئامىڭغا بەك يېقىپ كەتكەنلىكتىنمۇ، ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ، ئۇ بۇ ھېكايىگە پۈتۈنلەي مەھلىيا بولۇپ كەتتى. «قەلىمى ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن!» دەپ ئويلايتتى ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي. شۇ كۈنى نيۇ جۇبروۋىينىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئىشتىن قايتىش ۋاقتى بولماي تۇرۇپلا ئۇ نيۇ جۇبروۋىينى كۈتەتتى.

ئامىڭ نۇرغۇن ژورناللارنى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما «نيۇ جۇبروۋي» دېگەن تەخەللۇسنى ئۇچرىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى قېتىم، نيۇجۇبروۋي يازغان ئەسەرنى ئوقۇشىمۇ تۇنجى قېتىم ئىدى. ھېكايە ئۇنىڭغا خۇددى ئاپتورنىڭ ئۆزىدەك سالماق ۋە سالاپەتلىك تۇيۇلاتتى، گەرچە كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىدەك ئۇنچىلا قالتىس بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئادەمنى مەپتۇن قىلالايتتى.

ئامىڭ كەچقۇرۇن، نيۇ جۇبروۋىينىڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دۇكانغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئىختىيارسىز گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— «كۈچلا» ماركىلىق تاماكىدىن بىر قاپ ئېلىۋېتەيگا!

نيۇجۇبروۋي دۇكانغا كىرىپ تاماكا ئېلىش بىلەنلا بولدى، ژورنال ئۈستىدە زادىلا ئېغىز ئاچمىدى.

— ھېكايىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم. ئوبدان يېزىپسىز! — دېدى ئامىڭ تاماكىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ.

ئۇ گويا ئامىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك، لام-جىم دېمىدى-يۇ، لېكىن، خۇمالىق كۆزى بىلەن ئامىڭنىڭ لەۋلىرىگە قاراپ قويدى. ئارقىدىن بۇرۇلۇپلا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

ئامىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يىراقلاپ كەتكىچە قاراپ، ئۆزىنى ئۆزۈنىڭچە باسالمىدى. ئارىدىن سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئامىڭ بىردىنلا مۇنداق ئويلىدى: «بۇ ئادەم چۈشىنىپ بولمايدىغان تولىمۇ كام سۆز، تاش يۈرەك ئادەم ئىكەن! خەق ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوبدان يېزىلىپتۇ دەپ ماختاۋاتسا، ئۇنىڭ پىسەنت قىلماي توڭلۇق قىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ!»

ئامىڭغا نيۇجۇبروۋي غەلىتە تۇيۇلغانسىرى، ئامىڭ ئۇنى شۇنچە كۆزىتىدىغان بولدى. بىكار بولۇپ قالسىلا ھامان ئۇنى ئويلايتتى.

— ئۆيۈمدە نۇرغۇن كىتابلىرىم بار، كۆرگىڭىز بولسا بېرىپ ئېلىڭ! — دېدى نيۇ جۇبروۋي ئامىڭ ئۇنىڭغا ژورنالنى قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان چاغدا.

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئامىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ،

ئامىڭ بىلەن نيۇجۇبروۋي كۆپ سۆزلەشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا كىتاب ئارىيەت بېرىش-قايتۇرۇش ئىشلىرى بارغانسېرى ئاۋۇغىلى تۇردى. بىر كۈنى ئامىڭ ئۇشتۇمتۇت بىر كىتاب ئىچىگە قىستۇرۇلغان بىر پارچە قەغەزنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ سەل ھودۇقۇپ، دەماللىققا ئېلىشقا پېتىنالماي قەغەزگە قارىغىنىچە قېتىپلا قالدى-دە، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئاخىرى

ئۇ تىترىگەن قولى بىلەن قەغەزنى ئېلىپ قارىدى، قەغەزگە مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىدى:

"سىڭلىم:

مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تېخىچە بىلمىسەمۇ، لېكىن بۇنىڭ كارى چاغلىق، سىزنى سىڭلىم دەپ ئاتىساممۇ بولىۋېرىدۇ. مەن مۇشۇ خېتىم ئارقىلىق سىزگە شۇنى ئىزھار قىلماقچىمەنكى، مەن سىزگە ئاشىقى-بىقارار بولۇپ قالدىم!»

خەتنى كورۇپ مەشەگە كەلگەندە، ئامىڭنىڭ قوللىرى تېخىمۇ بەك تىترەپ، يۈرىگى گويا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ سەل توختاپ ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالدى-دە، خەتنىڭ داۋامىنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ، خەتتە يەنە نىمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ خەتنى خېرىدارلار كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

"سىزگە چىن قەلبىمدىن ئاشىق ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن. مەن هوكۇمەت ئورگىنىدا ئىشلەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر خىزمەتچى، دادامۇ هوكۇمەت ئورگىنىدا ئىشلەيدۇ. هازىر مەن بىر يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن، بەلكى بۇ ئارزۇ-ئارمىنىمغا كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېتەلەيدىغانلىقىمغىمۇ ئىشەنچىم كامىل. مەندە دەل مۇشۇنداق ئېتىقات بولغاچقا، مەن ئەزەلدىن بوشاپ كەتمىدىم. ئۆيۈم دۇكىنىڭىزنىڭ ئارقىسىدىكى ئاشۇ كوچىدا بولۇپ، ئۇ يەرگە تېخى يېقىندىلا كوچۇپ كەلدۇق. سىز ماڭا چېلىققان بىرىنچى كۈنىلا مەن سىزگە ئىشتىياق باغلىدىم، شۇڭا ئىشقا بارغان ۋە ئىشتىن قايتقانلىرىمدا مەيلى ئىشىم بولسۇن-بولمىسۇن هامان دۇكىنىڭىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمەن ياكى دۇكىنىڭىزغا كىرىپ بىرەر نەرسە سېتىۋالىمەن، دىمەك، مەن دوكىنىڭلارغا كونا چوپقەت بولۇپ قالدىم. بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسىدىم — بىردەم بولسىمۇ سىزنى كوپرەك كورۇۋېلىش.. سىڭلىم، ئۇزۇندىن بىرى يۈرىگىمنىڭ قېتىدا ساقلىنىپ كەلگەن ئىشقى-مۇھەببىتىمنىڭ جىمىسىنى بىراقلا سىزگە دىۋەتتىم. جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن.

سىزگە چىن ئىشتىياق باغلىغان ئاكىڭىزدىن»

ئامىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئېيتىلغان سوزلەرنى خۇددى نىۋ جۇبىروۋىنىڭ ئوزىگە ئوخشاش ئاق كوڭۇل ۋە سەممىي هىس قىلدى. بۇ سوزلەرنىڭ ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن چىققانلىقىغا قىلچىمۇ گۇمانلانمىدى. لېكىن، ئامىڭ شۇنى چۈشىنەتتى، قىز بولغۇچىغا ئوز مۇھەببىتىنى بەك بالدۇر ئاشكارىلىۋېتىش ئەيىپ ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئوزىنى گويا بۇنداق ئىش بولمىغاندەك بىر قىياپەتتە كورسىتىشكە تىرىشىپ، بۇ ئىشنى بىر ئىلاج قىلىپ هازىرچە قويۇپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

ئۇ جاۋاپ خېتى يازمىدى، ئەمما نىۋ جۇبىروۋىغا يەنىلا بۇرۇنقىدەك مۇئامىلە قىلىۋەردى. نىۋ جۇبىروۋىنىڭ خېتى ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. ئامىڭ خەتنى بەئەينى يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغاندەك هىس قىلاتتى. خەتتىكى هەر بىر جۈملە سوز يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلاتتى. ئاخىرى، ئامىڭنىڭ يۈرىگى ئېرىدى-دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ نىۋ جۇبىروۋىگە جاۋاپ خېتى يازدى، خەتتە ئۇ گەرچە نىۋ جۇبىروۋىنىڭ تەلىۋىگە ئوچۇق جاۋاپ بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۈمىت بېغىشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ

خېتى سىناپ بېقىش تەلەپپۇزى بىلەن تولغان ئىدى.

"ئاكا:

مەن سىزنىڭ چىن مۇھەببىتىڭىزگە تولۇق ئىشىنىمەن. بىراق، سىڭلىڭىزنىڭ يېشى تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە 9 - سىنىپنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىنى يېقىندىلا تۈگەتتى. ئەگەر مەن ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ چىقالىسام، داشۆيگە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن، بەلكىم ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇشۇم مۇمكىن. يەنە كېلىپ سىزنىڭ ئۆيلەنگەن- ئۆيلەنمىگەنلىكىڭىز تېخى ماڭا نامەلۇم، گەرچە مەن نىكاھ ئىشلىرىنى ئانچە چۈشەنمىسەممۇ، لېكىن، چوڭلارنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ئاڭلىغانمەن. بىرەر قېتىملىق ئادىشىش ئۆمۈرلۈك ھەسرەت، ئەلەم كەلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا، ھازىر مەن تېخى مۇھەببەت باغلاش ئويىدا ئەمەسمەن......

سىڭلىڭىز ئامىنەدىن"

ئامىنىڭ خەتنى ژورنال ئىچىگە قىستۇرۇپ نىيۇجۇرۇيگە بەردى. ئاندىن جىم يۈرۈپ ئۇنىڭ جاۋاپ خېتىنى كۈتتى.

نىيۇجۇرۇينىڭ جاۋاپ خېتىدە ئۆزىنىڭ مەكتەپتىن چىقىپ خىزمەت قىلغانلىقىغا تېخى بىر يىلمۇ توشمىغانلىقى، تېخىچە ئۆيلەنمىگەنلىكى، ئامىنەدىن بۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ دەرھال ئۆيلەنمەكچى ئەمەسلىكى، پەقەت ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىلا ئۈمىت قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى.

شۇندىن ئېتىۋارەن ئامىنە بىلەن نىيۇجۇرۇي خەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنى باشلىدى.

9 - سىنىپنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان كۈنلىرى ئامىنىڭ بەكمۇ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىشى ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى 9 - سىنىپنىڭ ئىمتىھانىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەنلىكىدىن ئىدى. ئەمما، ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم، دەپ تازا خوش بولۇپ يۈرگەن چاغدا، نىيۇجۇرۇيدىن بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى.

"سىڭلىم:

سىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا 9 - سىنىپنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، مەن سىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن چىن قەلبىمدىن خوشاللىق ھېس قىلىمەن. مەن قەلبىمدىكى شاتلىقىمنىڭ ھەممىسىنى سىزگە قالدۇرماي ئېيتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن سىزگە مەلۇمكى، مەن سىز بىلەن سۆزلۈشۈشتىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپلا كېلىۋاتىمەن. مەن ئۆزەمنىڭ بۇنداق قىلىشىمنىڭ ئەمەلىيەتتە سىزنى ئالدىغانلىق بولىدىغانلىقىنى سەزمەكتىمەن. مەن ھازىر بەكمۇ خىجىل. شۇڭا، ئىشخانامغا كېلىپلا بۇ خەتنى سىزگە يازدىم.

سىڭلىم، مېنىڭ سىز بىلەن سۆزلۈشۈشتىن ئۆزەمنى قاچۇرغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن بولسام بىر گاس! سىز ھەر قانچە ۋاقىراپ گەپ قىلغان بىلەنمۇ مەن ئېنىق ئاڭلىيالمايمەن. بۇنداق دېسەم، بەلكىم سىز بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ھەتتا قۇلىقىمغا تىڭشىغۇچ بېكىتكەن بىلەنمۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايمەن. دوختۇرلار تەكشۈرۈپمۇ كوردى، قولىدىن كېلىدىغانلىكى چارىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ داۋالىدى، ئەمما بۇلارنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. دوختۇرلار ھېچقانداق

چارە تاپالمىدى. ئۇلارنىڭ دىيىشىچە، مىنىڭ كېسىلىمنى ئومۇرۋايەت ساقايتقىلى بولماسمىش!

شۇڭا، مەن سىزنىڭ بىر گاسقا ئومۇرلۇك ھەمرا بولۇشنى راۋا كورۇش - كورمەسلىگىڭىزدىن قاتتىق ئەنسىرىمەكتىمەن. ۋىجدانىم ماڭا بۇ ئىشنى سىزگە بالدۇرراق ئۇقتۇرۇۋېتىشنى بىشارەت قىلدى. سىڭلىم، ئاكىڭىزنىڭ بۇ بەختسىز تەقدىرىنى ئۇققىنىڭىزدا، ئىلگىرى مېنىڭ بۇ ئىشنى سىزدىن يوشۇرۇپ كەلگەن گۇناھىمنى كەچۇرۇشىڭىزنى ئوتۇنىمەن.

ھاياتىنى سىزگە بېغىشلاشنى خالايدىغان ئاكىڭىزدىن»

ئامىك دەردىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ نيۇ جۇېروۋېنى چىن يۇرىگىدىن سويەتتى. ئەجىبا، نيۇ جۇېروۋېنىڭ گاس بولغانلىقى تۇپەيلى، ئامىك ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۇزۇپ، ئۇنى تاشلىۋېتەرمۇ؟ مۇھەببەتنىڭ بەلۋىغى ئۇلارنى بىر - بىرىگە چەمبەر - چەس باغلىغان ئىدى، ۋاھالەنكى، ئامىگىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوز قىزىنىڭ يەنە كېلىپ بىر گاسقا ياتلىق بولۇشىغا قانداقمۇ قوشۇلالىسۇن؟ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەمدىلا باشلانغان مۇھەببەت يولى گويا ئېگىز تاغ، ئەزىم دەريالار بىلەن چورتىلا توسۇلۇپ قالىدىغاندەك ئىدى.

ئازاپ ۋە قايغۇ- ئەلەمنىڭ مۇدھىش دولقۇنى ئامىگىنىڭ يۇرىگىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئۇ بىر كېچە ئۇخلىماي يىغلاپلا چىقتى. مۇھەببەتنىڭ ئەگرى - توقايلىقى ئۇنى بىئارام قىلىپ ئازاپلايتتى ۋە ئۇنى ئۇمىتسىزلەندۇرەتتى. ئۇ نيۇجۇېروۋېنى گاس دەپلا ئۇنىڭدىن جۇدا بولالمايتتى. ئەمما ئۇنىڭغا نيۇ جۇېروۋي بىلەن بىر بولىمەن دەپ ئوز ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇربولۇشتەك ئەھۋالنى تەشۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ئو تۇن كېچىدىن تارتىپ سۇبھى تاڭغىچە زار - زار يىغلاپ چىقتى……

ئەتىگىنى دۇكان ئېچىلغاندىن كېيىن نيۇ جۇېروۋي ئادەتتىكىدەكلا دۇكانغا ۋاقتىدا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئامىگىغا كوزىنى ئۇزمەي قارايتتى، كوزىدە ئۇمىتلىك ۋە ئىنتىزارلىق نۇرى چاقنايتتى، چىرايىدىن جۇدەڭگۇلۇك ۋە ھېرىپ- چارچىغانلىق چىقىپلا تۇراتتى. ئامىك ئۇنى شۇ ھالەتتە كورۇپ بىئارام بولدى - دە، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

ئامىك ئۇنىڭ كۇندىن - كۇنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىغىنى، چىرايى نۇرسىز، سۇنۇق كورۇنگەنلىكىنى، كوزلىرىنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ، مەڭزىنىڭ ياداپ كەتكەنلىگىنى سەزدى، ئۇنىڭ كەيگەن ئۇستىۋاشلىرىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىلا رەتلىك ۋە پاكىز كورۇنمەيتتى. بۇنىڭدىن نيۇجۇېروۋېنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئازاپلىنىۋاتقانلىغى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى، ھەر قېتىم ئامىك ئۇنى كورگىنىدە ھامان بىئارام بولىسىمۇ، لېكىن ئاخشاملىرى ئۇخلايدىغان چاغدىلا ئاندىن كوڭلى بۇزۇلۇپ يىغلايتتى.

ئامىك بالدۇراق بىر قارارغا كەلمەي مۇشۇنداق كېتىۋېرىشنىڭ قاملاشمايدىغانلىغىنى چۇشىنەتتى. مۇبادا ئۇ نيۇجۇېروۋي بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۇزۇپ، ئۇنى تاشلىۋەتمەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، ئىشنى بۇنداق قىلالمايتتى.

ئامىگىنىڭ كوڭلىدىكى ئىشلار پەقەت ئۇنىڭ ئوزىگىلا مەلۇم ئىدى. ئۇ، ئاخىرى قولىغا قەلەم ئالدى - دە، نيۇجۇېروۋېگە بىر پارچە جاۋاپ خېتى يېزىپ، ئۇنىڭدىن ئوزىنى ئېلىپ قېچىشنى تە-

لەپ قىلدى.

دەرۋەقە، ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولۇپ
چىقتى، ئامىڭ 10 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان تەييار-
لىنىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇ-
رۇق ـ تۇققان، دوست ـ يارەنلىرى ئۇنىڭ
بىر گاس بىلەن ئۆز ئالدىغا توي قىلغان-
لىقى تۇپەيلى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق
مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكالىدى. ئامىڭ
بۇنىڭدىن بىئارام بولمىدى، پۇشايمانمۇ
قىلمىدى، بەلكى نەگىلا بارسا شۇ يەرگە كو-
نۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئېرى بىلەن بىل-
لە رانگۇن شەھرى يېنىدىن بىر ئېغىز ئۆينى
ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئارام خۇدا تۇر-
مۇش كەچۈردى. نيۇ جۇبرۇي بىر تەرەپتىن
ئىشلەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرت-
قى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇ-
غۇللىناتتى. باشقىلار ئۆز نەزىرىدە ئامىڭنىڭ
تۇرمۇشىنى چوقۇم مەنىسىز، زېرىكىشلىك بولىدۇ،
دەپ قارايتتى. كۈندۈزلىرى ئېرى ئىشقا كەت-
كەندە ئۆيدە يالغۇز ئامىڭلا قالاتتى. ئەپسۇس-
كى، ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەن چاغ-
لاردىمۇ ئۇلار باشقا ئەر ـ خوتۇنلاردەك كو-
ڭۈللۈك سۆزلىشەلمەيتتى. ئامىڭ بىرەر ئىش
توغرىلىق سۆزلەشمەكچى بولسا، ئۇنى ئاتايىن
قەغەزگە يېزىپ ئوقۇتۇراتتى. بەزى چاغلاردا
نيۇ جۇبرۇي ئاغزى بىلەن ساي سۆزلەپمۇ
كېتەتتى، پات ـ پات غەزەپلىنىپ ئۆز ئىرادى-
سىگە بەزى ئىشلار ۋە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ
ئېلان قىلىنمىغانلىقىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە سۆز-
لەيتتى. ئامىڭ ئۇنىڭگە پىلىرىنى جىم ئولتۇرۇپ
تىڭشاشتىن باشقا، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش
ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. نيۇ جۇبرۇي سۆزلەپ-
سۆزلەپ ئاخىرى چارچايتتى ـ دە، كارۋاتقا
تاشلىنىپ ئۇخلاپ قالاتتى.

ئۇ سۆزلىگۈسى يوق چاغلاردا بىرىلىپ كى-
تاپ ئوقۇيتتى ياكى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا
تىنىم تاپماي بىر نەرسە يازاتتى. پەقەت ئا-
مىڭ ئۇنى ئاستا نوقۇپ قويغاندىلا، ياكى ئۇ-
نى تاماققا، دەم ئېلىشقا ئۈندىگەندىلا ئۇ ئاز-
دىن ھوشىغا كېلەتتى. بۇنداق شارائىت، بۇن-
داق ھايات ئادەتتىكى كىشىلەرگە مەنىسىز، زې-
رىكىشلىك تۇيۇلغان بىلەن، ئامىڭغا قىلچىمۇ
بۇنداق تۇيۇلمايتتى

«ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ ياخشى، ئوڭكۇر بول-
سىمۇ ئۆيۈڭ»، دېگەندەك، ئامىڭ نيۇجۇبرۇيگە
تەككەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ نىېرى-بىرى
ئىشىنى ئويلىمىدى، ئۇنىڭ قەلبىدىن «مەنىسىز»
«خوشاللىق» دېگەن گەپلەرمۇ كوتىرىلىپ كەت-
كەندەك بولدى. بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى ئامىڭ-
نىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ سېمىز ئوماق-
قىنا بىر بالا تۇغقاندىن باشلاپ «خوشاللىق»
يەنە ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئېرى
بىلەن سۆزلىشىپ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرالمىسىمۇ،
ھەرھالدا بالىسىنى ئەكىلىپ بولسىمۇ كۆڭلى-
نى ئاچىندىغان، نيۇجۇبرۇيمۇ ئېچىلىپ، ھەمىشە
ئامىڭغا ئوخشاش روھلۇق ھالدا بالىسىنى ئە-
كىلىپ ئوينايدىغان بولدى. ئۇ، پۇلخەجلىگەن-
دە، ياكى ئاز-تولا قەلەم ھەققى ئالغاندا، ئا-
مىڭغا ۋە بالىسىغا ياخشى يېمەكلىك ياكى يېڭى
كىيىم-كېچەك ئېلىپ كېلەتتى، يا بولمىسا، ئو-
يۇنچۇقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. بالا ئۇلارنىڭ
تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور لەززەت بېغىشلىغان
ئىدى.

بارا-بارا بالىنىڭ تىلى چىقتى. بالا نيۇ-
جۇبرۇينى قىچقارسا، ئۇ «ھە» دېمەيتتى، بالا
ئۇنىڭغا گەپ قىلسا، ئۇ جاۋاپ بەرمەيتتى. با-
لىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىش ئۈچۈن ئۇ
خوتۇنىغا ئىلتىماس قىلاتتى. ئامىڭ بالىنىڭ

(ئاخىرى 111 ـ بەتتە)

# ئالتۇن خوراز ھەققىدە چوچەك

ئا. س. پوشكىن

ئەلدە ئەمەس يەردە ھەم،
ياكى ھىچبىر نەدە ھەم.
مەرت دادون شاھ ياشىغان
ئەتراپقا قەھر چاچقان.
ئەيمەنمەي جەڭ باشلايتتى،
خوشنىلارنى قاخشاتتى.
قانلىق جەڭلەردە ھىرىپ،
دەم ئالماق بوپتۇ قىرىپ.
ھاردۇق چىقىرار چاغدا،
خوشنىلار ئوچ ئالماققا،
ھۇجۇمغا چىقىپ قات-قات،
سالدى ئېيتقۇسىز ئازاپ.
ساقلىماققا چىگارا ،
قارشى تاجاۋۇز ياۋغا،
كوپ ئەسكەر بولدى ھاجەت،
ئاندىن تولا خىراجەت.
تىك تۇرۇپ بارچە سەردار،
ئۇلگۇرەلمەي بولدى خار.
جەنۇپتىن كۇتسە ياۋنى،
شەرقتىن ئوت، ئوق ياغدى.
بېسىلسا شەرقى مەيدان،
دېڭىزدىن سالدى ۋەيران.
دادۇن ئويقىدىن قالدى،
كوز ياش قىلدى— زارلاندى.
ھاياتمۇ ئەنسىز ھايات!
ئاخىرى چاپتۇردى ئات:
ياردەم، مەدەت ھەم سوراپ
" سېھىرچى، ئاختا، داناغا،
ئىنسان بولغاي، — دەپ پانا "
سېھىرچى يېتىپ كەلدى
ۋە دادۇنغا باش ئەگدى.
ئۇنىڭ سوزى بولدى ئاز،
قاپتىن چىقاردى خوراز : .
—قوندۇرۇپ قوي قونداققا
بۇ قۇشنى، — دېدى شاھقا، —
بۇ ئالتۇن خوراز ئاگلىق،
ساقچى بولىدۇ سادىق،
ئەتراپتا بولسا تىنچلىق،
خوراز ئولتۇرار جىم - جىت.
ئەگەر ياۋ كەلسە چەتتىن،
سورى كەلسە دەھشەتلىك،
( بۇ قۇش سوقۇشقا قارشى )
تىكلىنىدۇ تاجىسى،
قىچقىرار قىقىپ قانات،
دۇشمەن تەرەپكە قاراپ.
دادۇن بولدى بەك خوشال،
دېدى: "قاپ - قاپ ئالتۇن ئال،
بۇ مەرتلىكىڭ ئۇچۇن دوست،—
دېدى شاھ بەك رازى بوپ،—
يەنە خالىغانىنى ئال،
ئوز مۇلكۇڭدەك بىمالال."
خوراز ئىگىز قونداقتىن،
چەك كۇزەتەر يىراقتىن.
سىزىلسە تىنۋش بىرەر،
سادىق ساقچى تەۋرىنەر:
قاقىدۇ يېيىپ قانات،

ئەنسىز تەرەپكە قاراپ.
قىچقىرار: قىق- قىق- قىق دەپ،
شاھلىق قىل، تىنچلىق دەپ.
خوشنىلار ئەتىدى تىندى،
جەڭگە جۇرئەت قىلمىدى.
شۇنداق قىلىپ پادىشا
دۇشمەنگە بەردى پەشۋا.
يىللار ئۆتتى ھايات تىچ،
ئولتۇرار خوراز جىم جىت؛
بىر كۈنى شاھ ياتاتتى،
قاتتىق ۋاك-چۇك ئوغاتتى.
" شاھىم بولدى بىر بالا
يۇرت ئاتىسى بول ھەغدا»،-
دەپ تۇراتتى قولباشچى،
شاھ ئەسنەپ ئىبغىز ئاچتى:
"نىمە بولدى، نىمە گەپ،
نىمە بالا، نىمە دەرت؟»
قولباشچى دىدى: " ئەينە،
قىچقاردى خوراز يەنە،
پايتەخت دەھشەتتە قالدى "،
شاھ پەنجىرىدىن سەپ سالدى:
خوراز قانات قاقماقتا،
بوي بۇراپ شەرق ياقتا.
"ئى خەلق دەررۇ ئاتلان،
كىچىككىسەك بولدۇق ۋەيران!»
شاھنىڭ چوڭ ئوغلى باشلاپ
ئەسكەر ماڭدى شۇ سائەت.
جىممىقتى خوراز ھەم يۇرت،
شاھ ياتتى ئۇزىن ئۇنتۇپ.
سەككىز كۈن ئۆتتى ھەجەپ،
ئەسكەردىن يوق ھىچ دىرەك.
جەڭدىن يە خەۋەر، يە خەت،
ئالمىدى دادون پەقەت.
خوراز بىرىپ شۇم خەۋەر،
شاھ يىغدى يەنە ئەسكەر.

ئاغىغا قول بەرمەككە،
ئىنى چىقتى سەپەرگە.
خوراز ياتقان بىلەن جىم،
خەۋەر كەلمىدى جەڭدىن.
ئۆتتى سەككىز كۈن يەنە،
ئەل بىشىدا - ۋەھىمە.
خوراز بەردى شۇم خەۋەر،
شاھ يىغدى يەنە ئەسكەر.
يول باشلاپ ماڭدى ئۆزى،
يىڭىشقا يەتمەي كوزى.
كىلىۋر كۈندۈز - تۈن دىمەي،
ھارغان - تالغاننى بىلمەي.
يوق قونغان جاي، جەڭ ئىزى،
يوق قەبىر، يە گۆمبىزى.
ھەجەپ ئىش! دادون ھەيران،
كىلىدۇ سەپ سىلىپ ھەر يان.
سەككىز كۈن دىگەن چاغدا،
توغرا كەلدى بىر تاققا.
ئارىسىدا قوش ئىدىر،
كورۈندى ئىپەك چىدىر.
تار جىلغا - چىدىر پىنى،
تولغان ئەسكەر جەسىدى.
سۇرلۇك ھەيۋەت جىملىقتا،
شاھ ئالدىرار چىدىرغا...
ئاھ! نىمىدىگەن دەھشەت!
ياتىدۇ ئىككى جەسەت—
شاھنىڭ ئىككى پەرزەندى،
يوق ساۋۇتى، يوق ئەگنى.
بىر - بىرىگە ئۇرغان شاپ
يۈرەكلەرگە تىك قاداپ.
ئاتلار يۈرىدۇ چەتتە،
قان سىڭغان پىچەندە.
زار ئەيلىدى شاھ دادون:
"توغرا چۇشكەن قوش قۇلۇن،
قوش قىرانىم قۇرغۇيۇم،

ئەندى مەن ئۇلەر بولدۇم...»
ھەممە شاھقا ئۇن قوشتى.
زارلاندى، ئاھ ئۇرۇشتى.
تىترىدى يەر، تاغ كوكسى،
جاھان بىللە ئوكسىدى.
شۇ ئان ئاچتى چېدىرنى،
شاماخان مەلىكىسى.
چېھرى - تاڭ نۇرى يازنىڭ،
قىلىدۇ نازلىق تازىم.
شاھ بىر بايقۇش بەئەينى
كۇنگە دۇچ كەلگەن كەبى،
جۇپ ئوغلىنى - مۇردىنى
دەررۇ تامام ئۇنتۇدى.
قىز تەبەسسۇم ئەيلىدى،
ۋە دادۇنغا باش ئەگدى.
قولىدىن ئېپ سپايى،
چېدىر ئىچىگە ماگدى.
ئولتارغۇزدى جوزىغا،
قويدى تۇمەن خىل غىزا.
ئوراپ كىمخاپ يوتقانغا،
ياتقۇزدى دەم ئالماققا.
ئاندىن توغرا بىر ھەپتە
سېھىرلىق شاتلىق ئىچرە،
مەلىكىگە بويسۇنغان
شاھ توي تويلىدى ئۇبدان.
دادون ياندى شەھرىگە،
لەشكىرى بار كەينىدە.
يېنىدا، بىر مەيىدە،
كېلىدۇ ياش مەلىكە.
ئالدىدا كېلۇر داۋران،
بىرى راست، بىرى يالغان.
پايتەخت دەۋازا ئالدى
تولغان شەھەر پۇخراسى.
كېلۇر شاھ ۋە مەلىكە،
مەيىسنىڭ كەينىدە.

دادون قول بۇلغار ھامان،
خەلققە چوقان سالغان.
بىردىن كوردى شۇ يەردە،
ئورىنغان ئاپپاق سەللە.
ئاق باشلىق ئاققۇش كەبى،
ئاختا دوستىنى رەسمىي.
" ھە ئەسسالام، چوڭ دادا،
دەپ قارىدى شاھ ئاگا،-
كەلگىن، نىمە خالايسەن؟»
"شاھىم، — دىدى دانىشمەن، —
ھىساپ ئالايلى، ئاخىر،
خەلق ئالدىدا ھازىر.
ئادىل خىزمەت ھەققىگە،
ئەسلىگىن، ئۇز دەۋرىدە
دىدىڭ: «خالىغاننى ئال،
ئۇز مۇلكۇڭدەك، بىمالال».
بولغاي ماگا ھەدىيە،
شاماخانلىق مەلىكە» ...
شاھ بولدى چەكسىز ھەيران،
دىدى تېرىكىپ يامان:
"ھوي ، ئۇردىمۇ سىنى جىن،
ئاداشتىڭمۇ ئەقلىڭدىن ؟!
نىمە كىردى مېيەڭگە !؟
راست ، بەرگەن ئىدىم ۋەدە،
ھەممە نەرسىگە بار چەك،
ساگا قىز نىمە كېرەك؟
يېتەر ، بىلەمسەن كىم مەن؟
ئوچۇق ساگا غەزىنەم.
ئال بۇ يارلىق چىن - چەكمەن،
يە يېرىم شاھلىقنى ئال».
"ياق ، ساگا ئېيتاي تەكرار:
بولغاي ماگا ھەدىيە،
شاماخانلىق مەلىكە»، -
دىدى سېھىرچى يەنە،
شاھ بىر تۇكەردى يەرگە:

"شۇنچە تەرسا بولامسەن؟!
ئوز - ئوزەڭنى خورلايسەن،
قىل يوق ساڭا، ناپسەنت،
جىنىڭ باردا ماڭ، كەت!
مونۇ ئەبلەخنى يوقات!..
بولدى بوۋاي تالاشماق.
ئىككى ئېيتماس پادىشا،
بىر شىلتىگەندە هاسا،
ماڭلاي سىپاپ دانىشمەن
دۇم چۈشتى-دە، بەردى جان،
پايتەخت سىلكىندى تامام.
قىز قاقاخلاپ كۈلمەكتە،
دەهشەتكە ئۇگەنگەچكە.
بەك خاۋاتىر پادىشا
مۇلايىم كۈلدى قىزغا.

كىردى شەھەرگە مانا،
كەلدى يىراقتىن سادا.
خەلق كوردى هەر ياقتىن،
خوراز ئۇچتى قونداقتىن،
كەلدى مەپە قېشىغا،
قوندى شاهنىڭ بېشىغا.
بىر چوقۇپ قاق چېكىدىن،
خوراز كەتتى مەپىدىن
دۇگۇلەپ چۈشتى شاه شۇ ئان،
"ئاه!" - دىدىدە، ئۈزدى جان.
كوپ هۇشىغا كەلگىچە،
كوزدىن يۇتتى مەلىكە.
چوچەك جا، ئىشارە بار:
ساۋاق ئالسۇن مەرت ياشلار.
(روسچىدىن ھىزدىز ھىزدەۋپ تەرجىمە قىلغان)
دەريا ھەسەن نەشىرگە تەييارلىغان.

يومۇرلار

## ئۇ، ئوكۈز يىللىق

بىر ئادەم ئوزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەپ توي قىلىپتۇ. ئۇ، قوي يىللىق ئىكەن. تويغا تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ بىرى:
— ئۇ قوي يىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تويىغا قوي ئېلىپ كەپتۇ. سېمىز قوينى كورۇپ ئىچ - ئىچىدىن خوشاللانغان توي ئىگىسى قوسىقىدا يەنە بىر چوت سوقۇپتۇ - دە، تويغا كەلگەنلەرگە دەپتۇ.
— مېنىڭ ئايىلىمنىڭ نىمە يىللىق ئىكەنلىگىنى بىلمەيدىغان بولىشىڭىزلار مۇمكىن، ئۇ ئوكۈز يىللىق، پات ئاردا ئۇنىڭمۇ تۇغۇلغان يىلىنى خاتىرلەپ توي ياسىماقچىمەن.
(تورارىبك نىياز تەرجىمىسى)
— ياشلىق ۋاختىڭىزنىڭ بىكاردىن - بىكار ئوتۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنمامسەن؟
— بەللى، نىمىشقا ئېچىنمايدىكەنمەن. شۇڭلاشقا ئاز ئىشلەپ، كوپرەك ئويناۋاتىمەنغۇ؟

هەسەن تىلىۋالدى

# ئوت يۈرەك شائىر مۇسا جېلىل

سوۋېت تاتار شائىرى، فاشىزمغا قارشى تىز پۈكمەس جەڭچى مۇسا جېلىلنىڭ نامى پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم. ئۇ، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا 38 يىللىق ھاياتىنى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدا ئاخىرقى نەپەسىگىچە بېغىشلىغان ئوت يۈرەك شائىر.

مۇسا مۇستاپا جېلىل 1906 - يىلى 15 - فېۋرالدا ئورېنبۇرگ ۋىلايىتىنىڭ مۇستافىنو يېزىسىدا تۇغۇلغان، ساۋادىنى مەدرىسىدە چىقارغان. ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى يىللىرىدا 12 ياشلىق مۇسا مەكتەپتە يېڭى، ئىنقىلاۋىي تەرتىپ ئورنىتىشقا ئاكتىپ قاتناشتى. مۇسا 1919 - يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى ۋە شۇ يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېرى «قىزىل يۇلتۇز» گېزىتىگە بېسىلدى. 1925 - يىلى شائىرنىڭ «كېتىپ بارىمىز» ناملىق تۇنجى شېئىرلار ۋە داستانلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى. بۇ شېئىر ۋە داستانلاردا ياش سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى ھايات يولىدا مەردانە قەدەملەر تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ «يولداشىمغا» ناملىق ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى 1929 - يىلى نەشر قىلىندى. 1934 - يىلى ئۇنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا بېغىشلانغان «ئوردېن ئالغان مىليونلار» ناملىق شېئىرلار ۋە داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى. مۇسا جېلىل 1940 - يىلى يازغان «خەت توشۇغۇچى» داستانىدا كولخوزنىڭ خەت توشۇغۇچىسى تېمىر پولات بىلەن بىرىگادىر قىز خەيرۇزەنىڭ سەممىي مۇھەببىتىنى، ئۇلارنىڭ پىداكارانە ئەمگىكىنى كۈيلىدى. بۇ داستان بەدىئىي يارقىنلىقى ۋە تىلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا زور ئېتىۋارغا ئېرىشتى. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا مۇسا جېلىل «ئاكۈپتىن خەتلەر» ناملىق شېئىرىي كىتاۋىنى يازدى.

نېمىس فاشىست باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، شائىر مۇسا جېلىل ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭگە قاتناشتى. 1942 - يىلى ئىيۇندا ۋولخوۋ فرونتى ئوچاستكىلىرىدىن بىرىدە دۈشمەنگە قارشى جەڭدە ئېغىر يارىلىنىپ يىقىلغان مۇسا جېلىلنى فاشىست جاللاتلار تۇتۇۋېلىپ، بېرلىن يېنىدىكى مۇئابىد تۈرمىسىگە قامىدى. شائىر تۈرمىدىمۇ دۈشمەنگە قارشى تىنىمسىز كۈرەش قىلدى. ئۇ، يولداشلىرىنى "بىزنىڭ بۇرچىمىز ئادەملەرنى فاشىزىم زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ياكى ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق" دەپ ئاگاھلاندۇردى. ۋەتەنپەرۋەر شائىر تۈرمىدە فاشىزىمنىڭ ھايۋانى ئەپتى - بەشىرىسىنى پاش قىلىدىغان، ئۇنىڭ ھالاكەتكە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان، ئانا ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا قانلىق جەڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان سوۋېت كىشىلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى

مەدھىيىلەيدىغان ئوتلۇق شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ، تۈرمىدىكى يولداشلىرى تەرىپىدىن يادلىۋېلىندى. مەككار دۈشمەن، خائىنلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن مۇسا جېلىلنىڭ تۈرمىدىكى پائالىيىتىنى سېزىپ قىلىپ، ئۇنى يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ كامېرغا سولىۋەتتى. ئەمما ئوت يۈرەك شائىرنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى ھەرقانداق ئازاپ - قىيناشلار تەۋرىتەلمىدى. قىيناشلاردىن نەتىجە چىقىرالمىغان ئادەمخور فاشىستلار 1944 - يىلى يانۋاردا بۇ كوممۇنىست شائىر، جۇشقۇن ۋەتەنپەرۋەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. موئابىت تۈرمىسىدىن ئازات قىلىنغان بېلگىيىلىك بىر پارتىزان ۋەتىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر يۇسسېلدىكى ئەلچىخانىسىغا مۇسا جېلىلنىڭ شېئىرلىرى يېزىلغان قويۇن دەپتىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ دەپتەردە شائىرنىڭ 115 شېئىرى بار ئىدى.

ئوت يۈرەك شائىر مۇسا جېلىلنىڭ نامى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىگە سادىق بولغان، ۋەتەن دۈشمەنلىرىگە قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلغان قەھرىمان جەڭچى سۈپىتىدە كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

تۆۋەندە مۇسا جېلىلنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا يازغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرىدىن بىر نەچچىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرىمىز.

## قېلىچ

ئېسىل ئوتۈك كىيىۋېسەن يىگىت،
كۈمۈچ ساپلىق قېلىچ بېلىڭدە.
ھېرىپ قاپسەن ئېغىر يول يۈرۈپ،
قونۇپ كەتكىن مېنىڭ ئۆيۈمدە.

توگا يوتقان ئىچىدە سېنى،
ئۇخلىتاي ۋە ئەركىلىتەي مەن.
قان - ياش بىلەن يۇيۇشقا يەرنى
ئەتىلىككە ئۆلگىرىسەن سەن.

چىرايلىق - سۇمباتلىق ئوفىتسېر
ئاڭلىدى ياش ئايال سوزىنى.
ئۆيگە كىردى ۋەھشى باش كېسەر
قاتتىغراق يېپىپ ئىشىكنى.

ماقۇل قىلدىڭ ھىلىگەر ئايال،
ھەتتا ئىسمىڭ نامەلۇم ماڭا.
ئەكەل تېپىپ ھاراق - شارابنى،
ئورۇن سالغىن، يېشىنىپ ئولتا.

توخۇ سويدى، پىشەردى ئايال،
ھاراقنىمۇ راسا ئىچكۈزدى.
قىزىل كوزلۇك مايور مەس بولۇپ،
ئىچى - قارنى ئوبدان ئورتەندى.

خوش بوپ ھورمەت - ئېھتىرامدىن ئۇ،
ئوتۈگىنى تارتقۇزدى شۇندا.
مۇندىرىنى① سالغۇزدى، كۈمۈچ—
قىلىچنى سۇندى ئايالغا.

مايور نەپسى تاقىلدىدى ۋە:
— قۇچىغىڭنى ئاچ! - دىدى ياتتى.
شىلتىپ يالاڭ قېلىچنى ئايال،
ئوفىتسېرگە قاراپ سوز قاتتى:

① مۇندىر - ھەربىي كىيىم

سەن بۇلغىدىڭ ئانا يۇرتۇمنى،
سەن ئۆلتەردىڭ سۆيگەن ئېردىمنى.
كۆڭلۈك ئۈچۈن بىرەيمۇ ئەندى
يۈرىگىمنى- ۋىجدان - دىلىمنى.

باغلىساڭمۇ بېلىڭگە قىلىچ،
كۆتمە ياردەم پولات - كومۇچتىن...
قېلىچ بىلەن كىردىڭ ئېلىمگە،
ئۆلۈمىڭمۇ مۇشۇ قېلىچتىن...

زور كۈچ بىلەن شىلتىپ قېلىچنى،
جۇدا قىلدى ياۋنىڭ جېنىنى...
پاتۇردى ئۇ يۈرىگىگىچە،
شۇدەم ئەشۇ قېلىچ ئۇچىنى.

بىلىسەڭ سوۋغات ساڭا بۇ بىزدىن،
تىپچەكلىمەي مايور جىم ياتقىن.
قېلىچ بىلەن كىردىڭ ئېلىمگە،
ئەجىلىڭمۇ بولدى قېلىچتىن.

## سۆيگىنىمگە

خەت كەلمەس يىل بويى بەلكى مەندىن،
ئاڭلانماس پالان - پۇستان دىگەن خەۋەر
يولۇمدا قالار مېنىڭ ناخشىلىرىم،
ئىزىمنى قوم - توپىلار كومۇپ كېتەر.

تۇرقۇممۇ قايغۇ باسقان ماتەم رەڭگى،
چۈشۈڭگە بەلكىم كىرىپ يۈرەرمەن چىن.
ئاخىرقى كۈنلىرىمدە سېنى سۆيگەن—
ئىزلارنى يۇيار يىللار يۈرىگىڭدىن.

بىلىمەن، ساڭا بۇ ئىش ئېغىر كېلەر،
سارغايتىپ زىرىكتۈرەر كۈتۈشلىرىڭ.
شۇ چاغدا ھەسرىتىڭنى باسار بەلكى
كۆڭلۈڭدە "ئۇ يوق ئەندى!" دىيىشلىرىڭ.

مەن ئۈچۈن بار دۇنيادىن قىممەت بولغان—
مۇھەببەت ھېسلىرىڭدىن قېلىپ يەككە،
يادىڭدىن بەلكىم جېنىم چىقارمەن مەن،
سەن بىر كۈن بۇرۇنقىدەك كۈتمىگەندە.

بىل جېنىم، شۇنداق ئېغىر چاغدا مېنىڭ،
يۈرىگىم ھەسرەت چېكەر، روھىم چۈشەر...
كېيىسلەر بەلكىم ساڭا قايتار يولۇم،
ئۆلۈممۇ يەڭسە پەقەت شۇندا يېڭەر...

مەيداندا، ئوتلۇق جەڭدە مەرتنى سىنار،
كۈتۈشۈڭ ماڭا غەيرەت - قۇۋۋەت بەرگەن.
سۆيۈشۈڭ بولۇپ گويا سىرلىق تۇمار،
يۈرسەممۇ قايدا مېنى ساقلاپ كەلگەن.

ئوق تېگىپ يېقىلغاندا، يۈرىگىمدىن—
چىقمايدۇ "يېڭىمەن" دەپ بەرگەن قەسەم!
ئۆزەڭمۇ رەھمەت ئېيتماس ئىدىڭ بىراق،
ئېلىمگە غالىپ بولۇپ يانمىسام مەن...

ئۇزاق يول — كۆرەش بولى ئېغىر، مۇشكۇل،
كۈت جېنىم، ئۇزمە مەندىن ئۈمىدىڭنى.
ئېيىپ قايتار ئوت ھەم سۇدىن ئامان - ئېسەن
مۇھەببەت — ئىشقىڭ سۆيگەن يىگىتىڭنى!

1943 - يىل سىنتەبىر

## قاتىلغا

تىز پۈكمەيمەن قاتىل سېنىڭ ئالدىڭدا،
تۇتقۇن قىلىپ مېنى ئەسىر ئالساڭمۇ.
ساڭا ھەرگىز ئېگىلمەيمەن، ئۆلۈمەن،
پالتا بىلەن بېشىمنى سەن چاپساڭمۇ.

مىڭنى ئەمەس، بارى - يوقى يۈزنىلا
يوق قىلدىم مەن ساڭا ئوخشاش قاتىلدىن.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلگە يېنىپ بارغاندا،
تىز پۈكمەمەن ئەپۇ سوراپ خەلقىمدىن.

## ئۇرۇشتىن كېيىن

مايدا يەنە قىزىل شاراپلار
قۇيۇلىدۇ، بىز بولۇرمىز جەم.
قەدەھلەرنىڭ جارىڭى بىلەن
جۈر بولىدۇ دوستلىرىمىز ھەم.

ئۈستەل ئۈستى تولار گۈل بىلەن،
شۇ گۈللەردەك چىرايلىق قىزلار.
كوز قىرلىرىدىن تاشلاپ ناز بىلەن
مۇبارەكلەپ قوللارنى قىسار.

بەزى دوستلار بولماس ئۇ يەردە،
ئۇ دوستلارنىڭ ئورنى بوش بولار.
جام - قەدەھلەر بوشىتىلغاندا،
شۇ باتۇرلار نامى يادلىنار.

بۇ ئۈچرىشىش شۇنداق ئاجايىپ،
زور سىناقتىن مەردانە ئۆتۈپ،
بىزلەر مەيدىن ئەمەس، شاتلىقتىن
كۈيلىشەرمىز بەلكى مەس بولۇپ.


ئۇزاق ئەمەس، ئىچىپ شاتلىنىپ،
قەدەھلەرنى قۇيۇپ كۆمتۈرۈپ،
يول ئالارمىز دوست قېنى تامغان
كەڭ دالاغا يەڭنى چىڭ تۈرۈپ.

بۇزۇلغان يول، كويگەن شەھەرلەر
قايتىشىمىز ئۈچۈن ئىنتىزار.
ئىشقا چۈشسۇن باتۇر تىراكتۇر،
ئىشقا چۈشسۇن ئوغاق، پالتىلار.

ئېتىز تولسۇن ئالتۇن بۇغدايغا
كويگەن ئۆيلەر تىكلەنسۇن قاتار.
غالىپ خەلقنىڭ ئەمگەك تەرىدىن
دالا گۈللەپ بولسۇن چىمەنزار.

1943 - يىل ئۆكتەبىر

(غوجەخمەت يۇنۇس نەشرگە تەييارلىغان)



مەھمۇت قەشقەرد-
ىنىڭ مەقبەرىسى.



ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىن كەل-
گەن ياش تەربىيچىلەر
«هاي- هاي تىرەك» ۋە
«چەشمە زىلال» قىشىدا،
پىشقەدەم دىخان مەمتە-
مىن ئەخمەت ئاكىنىڭ
مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ها-
ياتى توغرىسىدىكى تونۇش-
تۇرۇشىنى ئاڭلىماقتا.



سەنئەت بىغىدا ئوس-
كەن غۇنچىلار.

سۇرەتلەرنى تۇردى
مەتنىياز تارتقان.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى


## قەشقەر ئەدەبىياتى (13 - يىل نەشرى)

1984 - يىل 1 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

---

نەشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ

فورماتى: 1092 × 787 م م، 1/16، 8 تاۋاق

پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژورنال نومۇرى 58—62

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق

ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0 4 1

---

## 《喀什噶尔文学》（双月刊）

1984 年 第 一 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室

印刷：《喀什日报》印刷厂

订阅：全国各地邮电局（所）

代售：各地邮电局及新华书店

开本：1092×787MM1/16，8 印张

代号：58—62　单价：0.35 元

新疆维吾尔自治区期刊登证　041 号